تۈزگۈچى: مەھەممەت رەھىم

# ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

1979- يىلى 2- ئاي

# تەھرىردىن

«ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى» 1957-يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئىدى، بۇنى نەشرگە تەييارلىغۇچى ھەجىم جەھەتتىن يەنە بىر قۇر تولۇقلىدى، مەزمۇن جەھەتتىن مۇۋاپىق تۈرلەرگە ئايرىپ چىقتى. بىز بۇ قېتىم مۇشۇ يېڭى نۇسخىسىنى قايتا نەشر قىلدۇق. خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ماقال-تەمسىللەردىن بۇ توپلامغا كىرمەي قالغانلىرى يەنە بولۇشى مۇمكىن، ماقال-تەمسىللەرنىڭ رەتلىنىشى، ماۋزۇلارغا ئايرىلىشى ۋە باشقا جەھەتلەردە يېتەرسىزلىكلەرنىڭ بولۇشىمۇ ئېھتىمال. كەڭ كىتابخانلارنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپ بېرىشىنى قارشى ئالىمىز.

# مۇندەرىجە


ماقال ـ تەمسىللەر ھەققىدە .................. 1

1. ۋەتەن، خەلق، ئەل ـ يۇرت توغرىسىدا ...... 1

2. ئىتتىپاقلىق، ئوملۇك ۋە يەككىلىك توغرىسىدا 5

3. دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىك توغرىسىدا .......... 11

· باتۇرلۇق، مەرتلىك ۋە قورقۇنچاقلىق توغرىسىدا ................................ 18

· ئىلىم ـ پەن، ھۈنەر ۋە نادانلىق توغرىسىدا 24

· ئەقىل ـ ئىدراك، پەم ـ پاراسەت ۋە ئەخمەقلىق توغرىسىدا ................................ 30

· ئىش ـ ئەمگەك ۋە ھورۇنلۇق توغرىسىدا ...... 42

دېخانچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە چارۋىچىلىق توغرىسىدا ................................ 54

ۋاقىت، مەزگىل ۋە تەبىەت ھادىسىلىرى توغرىسىدا ................................ 60

راستچىللىق ۋە يالغانچىلىق توغرىسىدا ...... 65

كەمتەرلىك، تەكەببۇرلۇق ۋە ماختانچاقلىق ـــسىدا ................................ 70

12. ھوشيارلىق، ئېھتىياتچانلىق ۋە بىپەرۋالىق توغرىسىدا ........ 76

13. ئىقتىساتچىللىق ۋە ئىسراپچىلىق توغرىسىدا ........ 81

14. ئۇيات ـ نومۇس توغرىسىدا ........ 85

15. سەۋرى ـ تاقەت، چىدام ـ غەيرەت ۋە ئالدىراڭغۇلۇق توغرىسىدا ........ 87

16. ئارزۇ ـ ئۈمىت ۋە ئىشەنچ توغرىسىدا ........ 93

17. قەدىر ـ قىممەت ۋە ئىززەت ـ ئابروي توغرىسىدا ........ 96

18. بەخت ـ تەلەي ۋە تەۋەككۇلچىلىك توغرىسىدا 102

19. ياشلىق ۋە قېرىلىق توغرىسىدا ........ 106

20. تازىلىق، سالامەتلىك، كېسەللىك ۋە ئۆلۈم ـ يېتىم توغرىسىدا ........ 113

21. تىل ۋە گەپ ـ سۆز توغرىسىدا ........ 119

22. تىنچلىق ـ ئامانلىق ۋە خاتىرجەمسىزلىك توغرىسىدا ........ 131

23. ھەمكارلىق، ئادەمگەرچىلىك ۋە نائەھلىلىك توغرىسىدا ........ 134

24. مىجەز، خۇلق ۋە كىشى تەبىئىتى توغرىسىدا 140

25. ياخشىلىق ۋە يامانلىق توغرىسىدا ........ 151

26. تۈرلۈك جىسمانى ئەيىپلەر توغرىسىدا ........ 160

27. ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە تەربىيە توغرىسىدا ........ 164

28. زىبا ـ زىننەت ۋە ياسانچۇقلۇق توغرىسىدا 167

29. ئىشقى ـ مۇھەببەت ۋە چىراي توغرىسىدا 170

30. ئائىلە ـ تۇرمۇش توغرىسىدا.................. 177

31. ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە خولۇم ـ خوشنا توغرىسىدا.............................. 186

32. توي ـ توكۈن ۋە مېھماندوستلۇق توغرىسىدا 194

33. سەپەر ۋە يولداشلىق توغرىسىدا.............. 200

34. غېرىبلىق، مۇساپىرلىق ۋە يېتىملىك توغرىسىدا 203

35. تاماق ۋە يېمەك ـ ئىچمەك توغرىسىدا.......... 206

36. هايۋانات ۋە نەرسىلەر توغرىسىدا............ 210

37. ئېزىش ـ ئېزىلىش ۋە قارشىلىق توغرىسىدا 217

38. بايلىق ۋە كەمبەغەللىك توغرىسىدا.......... 235

39. بەتنىيەتلىك، مەككارلىق ۋە پىتنە ـ ئىغۋا توغرىسىدا................................ 247

40. سېخىيلىق، بېخىللىق، ئاچكۆزلۈك ۋە ئىنساپ توغرىسىدا................................ 251

41. كەسىپ، سودا ـ سېتىق ۋە ئىشلەش ـ بېرىش مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدا..................... 261

42. تۈرلۈك پەندى ـ نەسىھەتلەر.................. 273

43. ئوغرىلىق ۋە قاتىللىق توغرىسىدا............ 277

44. دىنىي ئېتىقات ۋە موللا توغرىسىدا...... 281

45. يۇقۇرى تەبىقىنىڭ ماقال ـ تەمسىللىرى...... 286

46. ۋە باشقىلار.............................. 292

# ماقال - تەمسىللەر ھەققىدە

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ بايلىقى، خىلمۇ - خىللىقى ۋە تارىخىي ئەھمىيىتى بىلەن قىممەتلىك مىللىي مىراسلىرىمىزدىن بىرى بولۇپ كەلدى. ئېغىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇھىم تەركىۋىي قىسمى بولغان ماقال - تەمسىللەر مول ۋە چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە، ئۇ، خەلق ئارىسىدا ئەڭ كەڭ تارقالغان. ماقال - تەمسىللەر خەلقنىڭ ئۆتمۈشتىكى ھاياتىنى، دۇنياقارىشىنى، پەزىلەتلىرىنى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ۋە مىجەز - خۇلقىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى ئۈچۈن شۇ خەلقنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە. مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى مەخمۇت قەشقىرىنىڭ 11 - ئەسىردە يېزىلغان «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق كىلاسسىك ئەسىرىدە خەلق ماقال - تەمسىللىرىگە خېلى كۆپ ئورۇن بېرىلگەن. بىز ھازىر ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ماقال - تەمسىللەرنىڭ بىرمۇنچىسىنى شۇ كىلاسسىك ئەسەردە ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن،

ئاش تاتىغى تۇز.
(ئاشنىڭ تەمى تۇزبىلەن).

بورىنىڭ ئورتاق، قوزغۇنىنىڭ يىغاچ باشىدا.
(بورە تاپسا تەڭ ئورتاق، قاغا تاپسا دەرەخ ئۈچىدا).

ئالىمچى ئارسلان، بېرىمچى سىچقان.
(ئالغۇچى ئارسلان، بەرگۈچى چاشقان).

ئاتاسى ئاچىغ ئالما يىسە، ئوغلىنىڭ تىشى قامار.
(ئاتىسى ئالما يىسە، ئوغلىنىڭ چىشى قاماپتۇ).

دىمەك، بۇ ماقال-تەمسىللەرنىڭ بىرقانچە ئەسىر بۇرۇن كېلىپ چىققانلىقى مەلۇم. ماقال-تەمسىللەرنىڭ بەزىلىرىنى ئۇنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ پەيدا بولغان دەۋرىنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇ، لېكىن كۆپچىلىگىنى مۆلچەرلەش مۇمكىن ئەمەس.

ماقال-تەمسىللەر ھەركىمنىڭ قۇرۇق، خىيالىي ئىزلىنىشى بىلەن توقۇلغان بولماي، بەلكى تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك ھادىسىلەردىن ھاسىل بولغان تەجرىبىلەرنىڭ خۇلاسە قىلىنىشىدىن مەيدانغا كەلگەن. ماقال ۋە تەمسىللەردە خەلقنىڭ قىممەتلىك تەجرىبىلىرى، دانىش-

مەنلىكى ۋە ئۆتكۈر مۇلاھىزىلىرى ئىزھار قىلىنىدۇ
كۈرەش ۋە ئەمگەك قىلماي تۇرۇپ، بەختكە ۋە پاراۋان
تۇرمۇشقا يەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ،
كىشىلەرنى ۋىجدان، نومۇس ۋە ئادەمگەرچىلىك بىلەن
ياشاشقا، بىلىم، ئەقىل، چىدام، غەيرەت ۋە ياخشى
خۇلق ئىگىسى بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

ماقال - تەمسىللەر سىنىپىي جەمئىيەتتە بىرلا سى-
نىپنىڭ مۈلكى بولۇپ قالمىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە سى-
نىپىي كۈرەشنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى، تۈرلۈك
ئىجتىمائىي قاتلاملارنىڭ مەنپەئەتىنى ئىپادىلەيدىغان
پىكىر - ئۇقۇملار بار. كەڭ ئەمگەكچىلەر ئاممىسى ئۆز -
لىرىنىڭ ماقال - تەمسىللىرىدە ئالدامچىلىققا ۋە قۇل
قىلىشقا ئىنتىلىدىغان ئەزگۈچىلەردىن، تەييارتاپلاردىن،
ئاچكۆزلەردىن نەپرەتلىنىدۇ ۋە ئۇلارنى زاڭلىق قىلىپ
كۈلىدۇ. مەسىلەن،

بېرىشتە سانىغى توققۇز،
ئېلىشتا سانىغى ئوتتۇز.

دادام مازارغا شەيخ،
مەن تەييارغا (شەيخ).

ئۆگدا ياتقان گىردە يەپتۇ،
كەتمەن چاپقان جىگدە.

قىرىق ئاغىچا ئاچقىنى ئۆلۈپتۇ.

ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ بەزىلىرى ئېكسپلاتاتور ـ لارنىڭ، پەسكەش ۋە خۇراپىي ئادەملەرنىڭ كۆزقاراش ـ لىرىنى، پىكىر ـ پاراسەتلىرىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن،

ئېرىقنىڭ بېشىنى ئال،
چاكارنىڭ جېنىنى (ئال).

قۇم يىغىلىپ تاش بولماس،
قۇل يىغىلىپ باش (بولماس).

خوتۇن كىشىنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا.

ئىت ۋاپا، خوتۇن جاپا.

بىزنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزدە مۇنداق ماقال ـ تەمسىللەر بارغانسېرى ئۆز كۈچىنى يوقاتماقتا.

ماقال ـ تەمسىللەر خەلق تەرىپىدىن ئىجات قىلىنغان، تىلىمىزغا ئالاھىدە ئېنىقلىق ۋە مەزمۇن بېرىدىغان مۇھىم تىل بايلىقىمىز بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئۇ، تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك ۋەقە، ھادىسىلەرگە تەدبىق قىلىنىدىغان چوڭقۇر مەنىلىك، قىسقا گەپلەر بولغانلىقى ئۈچۈن جانلىق تىلىمىزدا ناھايىتى كوپ ئىشلىتىلىدۇ.

مەسىلەن، يەرنى ئوغۇتلاشنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا ئۇرغۇن سوزلەشنىڭ ئورنىغا "يەر تويمىغىچە ئەل تويماس" دىگەن ماقالنى ئىشلەتسەك، گېپىمىز يىغىنچاق ۋە مەزمۇنلۇق بولىدۇ. شۇڭا خەلق ماقال-تەمسىللىرىنى ئۇلۇغ يازغۇچى ماكسىم گوركىي ناھايىتى يۇقۇرى باھالاپ مۇنداق دىگەن ئىدى:

"ئومۇمەن ماقال-تەمسىللەر ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ پۈتۈن تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائى، تارىخىي تەجرىبىلىرىنى نەمۇنىلىك سۇرەتتە شەكىللەندۇرىدۇ. يازغۇچى سوزلەرنى خۇددى مۇشتۇمنى تۈككەندەك ئىخچام قىلىشقا ئۇگىنىدىغان مۇنداق ماتىرىيال بىلەن تونۇشۇشى كېرەك".

قەدىمقى ئۇيغۇر كىلاسسىك يازغۇچى ۋە شائىرلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان چېغىمىزدا، شۇلارمۇ ماقال-تەمسىللەردىن پايدىلانغانلىغىنى ئۇچرىتىمىز. هازىرقى دەۋردىكى يىڭى شېئىرىيىتىمىزگە نەزەر سالساق، بۇنىڭ مىساللىرى تولۇپ يېتىپتۇ.

بىز پەقەت تالانتلىق ئۇيغۇر شائىرى تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ئوز ئىجادىيىتىدە خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ كەلگەنلىگىنى مىسال قىلىپ ئوتسەك بولار:

"باشقا ئوي باردۇر ئۇنىڭ كوڭلىدە،
سەككىز دىمەڭلار ساناماي تۇرۇپ".

«سارىيە» دىن.

"ئۆزگە يۇرتتا شاھى تون ئىچرە قورۇنغان تەنلىرىم
ئۆز ئېلىمدە يايرىغاي كىيسەم كۈلاھۇ-جەندەمەن".
«ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» دىن.

"قۇترىدى ھە دەپ شاپاشلاپ، ھۆرپىيىپ دەھشەت سىلىپ،
دېيىشىپ: "بازار شۇنىڭ كىم ماڭسا چاققان ئالدىدا".
«يېڭى پەرمان ئالدىدا» دىن.

تېيىپجان ئېلىيوپ خەلق قوشاقلىرىنى، ماقال-تەمسىللىرىنى، رىۋايەتلىرىنى ياخشى ئۆگەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن كۆچۈرمە ۋە ئىجادىي ھالدا پايدىلىنالايدۇ. يۇقۇرىدىكى 2-مىسالدا "كىشى يۇرتىدا سۇلتان بولغىچە، ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتاك بول" دېگەن ماقالنى شېئىرىي پىكىر بىلەن يۇغۇرۇپ، مەزمۇنلۇق ۋە ئوبرازلىق بىر كۇپلېت شېئىر قىلغانلىغىنى كۆردۇق. تېيىپجاننىڭ شېئىرلىرىدا مۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ.

ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن پىشقەدەم ۋە ياش يازغۇچى، شائىرلىرىمىزمۇ خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلاندى ۋە پايدىلانماقتا.

ماقال-تەمسىللەرنىڭ ئەقلىيە ۋە مەنتىقىلىغى كۈچلۈك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھېكمەتلىك سۆزلەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ياخشى تۈزۈلگەن ماقال-تەمسىللەردە سۆزلەر شۇنچىلىك ئىخچام ۋە جىپسىلاشقان بولىدۇكى، بىرەر سۆزنى قوشۇپ قويۇشقىمۇ، ئېلىۋېتىشكىمۇ ۋە ياكى ئالماشتۇرۇشقىمۇ بولمايدۇ. مەسىلەن، "ھەق ئېگىلەر،

سۇنماس“، ”ياش توككىچە، مۇشت تۈگ“. ”مىننەتلىك
ئېشىڭدىن قارنىمنىڭ ئىچى ياخشى“، ”پۇل تاپقىچە ئە-
قىل تاپ“ دىگەن ماقالالار كۆپ يىللىق ئىجتىمائى
ئەمەلىيەت خۇلاسىلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر بىرىنى ئاد-
دى گەپ بىلەن شەرھلىسەك، بىرنەچچە جۈملە بولىدۇ.

تەمسىللەر ماقالالاردىن بىرئاز پەرقلىنىدۇ. تۇر-
مۇشتىكى تۈرلۈك ھادىسىلەرنى، كىشىلەرنىڭ ياخشى-
يامان خۇسۇسىيەتلىرىنى ھايۋان ۋە نەرسىلەرنىڭ قىلىق-
لىرى، تەبىئىتى ۋە ھالىتى بىلەن تەققاس قىلىنغان
(سېلىشتۇرۇلغان) ھېكمەتلىك سۆزلەر تەمسىل بولىدۇ.
تەمسىللەرمۇ تەربىيىۋى ئەھمىيەتى جەھەتتە ماقالالار بىلەن
ئوخشاش ئورۇندا تۇرىدۇ. مەسىلەن،

قاغىلار قاق ئېتىدۇ،
ئىز كۆڭلىنى شات ئېتىدۇ.

قاغا بالام — ئاپپاق بالام،
كىرپە بالام — يۇمشاق بالام.

چاشقاننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە،
مۈشۈكنىڭ قۇيرۇغىنى چىشلەر.

توشۇك يىرتىقتىن كۈلەر.

بىز ماقال - تەمسىللەردە ھەر خىل بەدىي خۇ-

سۈس يەتلەرنى ئۆچرىتىمىز. بەزى ماقال - تەمسىللەر كوچمە مەنىدە بولىدۇ. "تومۇرنى قىزىغىدا سوق" دىگەن ماقال سەندەل ئۈستىدە تۇرغان قىپ - قىزىل چوغدەك تومۇر - نىڭ ئوبرازىنى بېرىدۇ. لېكىن بۇ ماقالىنىڭ ئاساسىي قىممىتى ئوبراز بېرىشتە ئەمەس، بەلكى ھەر ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا، كېچىكتۈرمەستىن ئىشلەش لازىملىغىنى چۈشەن - دۈرىدۇ.

بەزى ماقال - تەمسىللەر شەكىل جەھەتتىن شېئىر - يەت يولى بىلەن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا قاپىيە، ۋەزىن ۋە تۇراقلار بولىدۇ. مەسىلەن،

يامانىنىڭ ياخشىسى بولغىچە،
ياخشىنىڭ يامىنى بول.
قارىمۇقنىڭ دانىسى بولغىچە،
بۇغدايىنىڭ سامىنى بول.

پادا باققاندا دوست ئىدۇق،
ياغاق چاققاندا ئايرىلدۇق.

ئارپا - تېرىق ئاش ئىكەن،
ئۈنچە - مارجان تاش ئىكەن.

بەزى ماقال - تەمسىللەردە شېئىرىي شەكىل بولمى - سىمۇ، جۈملە ئىچىدىكى ئىككى سوز باش تەرەپتىن

قاپىيىداش بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن،

ئاللا بەرمىگەننى موللا بەرمەس.

ئويناپ سوزلىسەڭمۇ ئويلاپ سوزلە.

تۇگمىنى كوروۇپ، توگىنى كورمەپتۇ.

ماقال ـ تەمسىللەردىكى مۇنداق يۇقۇرى شېئىردي خۇسۇسىيەت كىشىلەرنىڭ ئەستە ساقلاپ قېلىشىنى ئاسان ـ لاشتۇرىدۇ.

ماقال ـ تەمسىللەر ئۇزگىرىپ تۇرۇش خۇسۇسىيىـ تىگىمۇ ئىگە. بۇنىڭ سەۋەبى، بىرىنچىدىن، ئۇزاق تا ـ رىخىي جەريانلاردىن بۇيان ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كوچۇپ يۇرۇپ، تۇرلۇك ئىجتىمائىي قاتلام كىشىلىرىنىڭ ئىشلى ـ تىش بولمىغان تۇرمۇش چۇشەنچىلىرىنى سىڭدۇرۇۋالغان ـ لىقىدىن بولىدۇ. تووەندىكى 3 ماقالنىڭ 1 ـ قۇرلىرى ئوخشاش بولسىمۇ، 2 ـ قۇرلىرى ئۇزگەرگەن، مەنىسىمۇ بىر بىرىدىن پەرقلەنگەن. مەسىلەن،

توپىغا بارساڭ توپىۇپ بار،
بوز خالتاڭنى قوپۇپ بار.

توپىغا بارساڭ توپىۇپ بار،
بەش بالاڭنى قوپۇپ بار.

تويغا بارساڭ تويۇپ بار،
تاۋا ـ توقا كىيىپ بار.

ئىككىنچىسى، ھەر يەرنىڭ تۇرمۇش شارائىتى، ئورپ ـ ئادىتى ۋە تىل شىۋىلىرى ئاز ـ تولا پەرقلىنىدىغانلىغى ئۈچۈن بىر مەزمۇندىكى ماقال باشقىچە سۆز، ئاتالغۇلار بىلەن تۈزۈلگەن بولىدۇ. مەسىلەن، شىمالىي شىنجاڭدا "ھەسەلنى كۆپ يىسەڭ ئەمەن تېتىيدۇ" دېيىلسە، جەنۇبىي شىنجاڭدا "ھالۋىنى تولا يىسەڭ زاڭ تېتىيدۇ" دەپ ئېيتىلغان.

مۇشۇنداق ئىككى خىل سەۋەپ بىلەن ئۆزگىرىپ، تۈرلۈك شەكىل ئالغان ماقال ـ تەمسىللەر خېلى بار. بۇنىڭ بىرى ئاساس، قالغان خىللىرى ۋارىيانت بولىدۇ. ۋارىيانتلار مەزمۇن جەھەتتە ئوخشاش بولسىمۇ، ئورۇن ۋە پەيتكە قاراپ تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ.

يەنە شۇنداق ماقال ـ تەمسىللەرمۇ ئۇچرايدۇكى، دىمەكچى بولغان بىر خىل مەقسەت قارىمۇ ـ قارشى مەزمۇندا تۈزۈلگەن بولىدۇ. مەسىلەن،

ئاتمىشقا كىرگەن ئاتىدىن ئەقىل سورىما.

چوڭنىڭ ئەقلىمۇ چوڭ.

قىرىق ھۈنەر ـــ ھۈنەر ئەمەس،
ئەسلى ھۈنەر ـــ چويلىچىلىق.

ئەر كىشىگە يەتمىش تۇرلۇك ھۇنەر ئاز.

گەپكە گەپ كەلگەندە ئاتاڭدىن قايتما.

ئاغزىمغا كەلدى دەپ دىمە،
ئالدىمغا كەلدى دەپ يىمە.

بۇنداق بولۇشى ھەرقانداق ھادىسە ۋە نەرسىنىڭ ئىككى تەرىپى بولغىنى ئۈچۈن كىشىلەر مەسىلىنىڭ قايسى تەرىپىگە دۇچكەلسە، شۇ توغرىدا تەجرىبە ھاسىل قىلغان ۋە شۇ مەزمۇندا ماقال كېلىپ چىققان.

بارلىق ماقال - تەمسىللەر ئىشلىتىلىشى ۋە تەدبىق قىلىنىشى جەھەتتە 3 خىل بولىدۇ: 1 - خىل ماقال-تەمسىللەر ئۆزى ئىپادىلىگەن مەقسەت ۋە ھادىسە ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىدۇ، باشقا ئەھۋاللارغا تەدبىق قىلىنمايدۇ. مەسىلەن،

كۆچ بىرلىكتە، ئىش ئۇملۇكتە.

يەر ھەيدىسەڭ كۆز ھەيدە،
كۆز ھەيدىمىسەڭ يۈز ھەيدە.

ئېغىرلىق — رەخمانلىق، يېنىكلىك — شەيتانلىق.

2 - خىل ماقال - تەمسىللەر ئۆزى ئىپادىلىگەن ھادىسە ئۈچۈنمۇ، شۇنىڭغا ئوخشايدىغان ھادىسىلەر ئۇ-

چۇنمۇ تەدبىق قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن،

ئالماقنىڭ بەرمىگى بار، چىقماقنىڭ چۈشمىگى.

ئۆتنى كىم تۇتسا شۇنىڭ قولى كۆيەر.

قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرماس.

3 ـ خىل ماقال ـ تەمسىللەر ئۆزى ئىپادىلىگەن نەرسە ۋە ھادىسىدىن باشقا ئەھۋاللارغا تەدبىق قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇلار ماقال ئەمەس، ئاساسەن تەمسىل بولىدۇ. مەسىلەن،

قازاننىڭ كۆۋاچىسى چومۇچ.

پالتا چۈشكىچە كۆتەك ئارام ئاپتۇ.

توخۇ داڭگال چۈشەر، ئۆشكە جاڭگال.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ماقال ـ تەمسىل ـ لەرنىڭ نۇرغۇنلىرىنى ئېنىق بىر تېمىغا مەنسۇپ دەپ ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ. تۈرلۈك تەھلىل قىلىش نەتى ـ جىسىدە تۈرلۈك مەزمۇن چىقارغىلى بولىدىغان ماقال ـ تەمسىللەرمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، "تاز جاب ـ دۇغىچە تويى تارقاپتۇ" دىگەن ماقالنىڭ ئىنگىسىنى ئا ـ ساس قىلغاندا، تۈرلۈك جىسمانى ئەيىپلەر تېمىسىغا كى ـ رىدۇ. جابدۇنۇش، ياسىنىشنى كۆزدە تۇتقاندا، زىبا ـ زىننەت ۋە ياسانچۇقلۇق تېمىسىغا كىرىدۇ. جابدۇغچە

ۋاقىتتىكى ئوتكۈزۈۋەتكەنلىكىنى كوزدە تۇتقاندا، ۋاقىت، مەز-
گىل تېپىشقا كىرىدۇ. مۇنداق ماقال - تەمسىللەرنى
كىشىلەر تۇرمۇشتا قانداق تەھلىل قىلسا، شۇنداق ئەھ-
ۋالغا تەدبىقلاپ ئىشلىتىۋېرىدۇ.

يازغۇچىلار، شائىرلار، ئاتىقلار ۋە تەشۋىقاتچىلار
خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن ئورۇنلۇق پايدىلانسا، ئۇ-
لارنىڭ تىلى جانلىق، ئاممىباپ ۋە چۈشىنىشلىك بولىدۇ.
ئورۇنلۇق پايدىلانمىسا ياكى خەلق چۈشەنمەيدىغان سوز-
لەرنى ئارىلاشتۇرۇپ سوزلىسە، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچى ۋە تىڭ-
شىغۇچىلار ئۈچۈن قانچىلىك پايدىسى بولىدۇ؟ بۇ، خەلق
ماقالى بىلەن ئېيتقاندا، "مەزىسى يوق گەپتىن پىاقىنىڭ
لېشى ياخشى" دىگەندەك ئىش بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ
ئۈچۈن ماقال - تەمسىللەرنى تاللىۋېلىشنى ۋە توغرا
ئىشلىتىشنى بىلىشىمىز كېرەك.

بۇ توپلامدىن ئەدىبىي ئىجادىيەتچىلەر، ئاخباراتـ-
چىلار، تەشۋىقاتچىلار، تەتقىقاتچىلار ۋە تەرجىمانلارنىڭ
پايدىلىنىدىغانلىقىنى كوزدە تۇتۇپ، هازىرقى دەۋرىمىزگە
ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، ئوتمۇش جەمىيەتنىكى تارىخىي شا-
رائىتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ماقال - تەمسىللەر «يۇقۇرى
تەبىقىنىڭ ماقال - تەمسىللىرى» دىگەن ماۋزۇ ئاستىغا،
بەزىلىرى ئوز مەزمۇنى بويىچە باشقا ماۋزۇلارغا كىرگۈ-
زۈلدى. ئەگەر بىز ئۇنداق ئەكسىيەتچىل ۋە خۇراپىي
مەزمۇندىكى ماقال - تەمسىللەرنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىپ

تاشلايدىغان بولساق، تارىخنىڭ سەلبىي دەرسلىكلىرىنى ئىنكار قىلغان بولىمىز. گەپ ــ ئۇلاردىن توغرا پايدىلىنىشقا باغلىق.

باي ۋە رەڭدار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزنى ۋە ئۇنىڭ مۇھىم ژانىرى بولغان ماقال ـ تەمسىللەرنى توپلاپ رەتلەش، تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىش ئىشى مۇھىم ئىلمىي خىزمەت ھېساپلىنىدۇ. بۇ خىزمەت "4 كىشىلىك گۇرۇھ" نىڭ زىيانكەشلىكىگە ئېغىر دەرىجىدە ئۇچرىغان ئىدى. مانا ئەمدى بۇ توسالغۇ سۈپۈرۈپ تاشلىنىپ، بۇ خىزمەتنى داۋاملىق بىلەن قولغا ئېلىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى كەلدى!

مەن بۇ كىتابچىنى تۈزۈشتە توپلىغان ئازدۇر ـ كۆپتۇر ماقال ـ تەمسىللىرىنى تەقدىم قىلغان يولداشلارغا رەخمەت ئېيتىمەن.

مەھەممەت رەھىم

1978 - يىل 12 - ئاي، ئۈرۈمچى.

## 1. ۋەتەن، خەلق، ئەل-يۇرت توغرىسىدا

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا،
رەڭگى - روپۇڭ سامان بولماس.

ئاتاڭنىڭ بالىسى بولغىچە،
ئەلنىڭ بالىسى بول.

ئاتاڭ ئۆلسە ئۆلسۇن،
ئاتاڭنى كۆرگەنلەر ئۆلمىسۇن.

دىلى ئوچۇقنىڭ قولى ئوچۇق،
ئەل سويگەننىڭ يولى ئوچۇق.

خەلق ئېيتماس، ئېيتسا خاتا ئېيتماس.

خەلقنى ئالدايمەن دىگىنىڭ — ئۆزەڭنى ئالدىغىنىڭ.

كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغىچە،
ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتاڭ بول.

سەن تاش ساندىساڭ،
خەلق قوم سانايدۇ.

يارىڭنى گۇل ئارىسىدىن ئىزلە،
ئەركىڭنى ئەل ئارىسىدىن.

يېرى باينىڭ ئېلى باي.

يولىدىن ئازسىمۇ، يۇرتىدىن ئازماپتۇ.

يۇرت ئىشىگى كەڭ.

AltunOq

يۇرت قوغدىساڭ ئۇسەرسەن،
قوغدىمىساڭ ئۇچەرسەن.

قولۇڭدىن كەلسە، ئەلدىن ئايىما.

ئەل ئامانلىقىنى تىلەر، دۇشمەن يامانلىقىنى.

ئەل ئامان ــ شەھرىڭ ئامان.

ئەل بار يەردە ئەر بار.

ئەل باسمىغان يەردە كوپ يۇرمە.

ئەل بىلەن ئۇلۇم — بەج

ئەلگە كىرسەڭ ئىپلىڭچە،
سۇغا كىرسەڭ بىلىڭچە.

ئەلگە ياققان خار ئەمەس.

ئەلگە قوشۇلساڭ ئەر بولىسەن.
ئەلدىن ئايرىلساڭ يەر بولىسەن.

ئەل ئىچى — ئالتۇن بوشۇك.

ئەل جىنى بىلەن، ھەشقىز ئىبر؛

ئەللىك يىلدا ئەل يىغىلىپتۇ،
يۇز يىلدا قازان.

ئەلنىڭ جىنى چىقسا،
گالۋاڭنىڭ كۆلگىسى كېلەر.

ئەلنىڭ قۇلىغى ئەللىك.

ئەل ھىممىتى دەريا.

شۇيان.

ـت قوزغىلار.

.لدە.

نىڭ ئاغىسى،
ىلڭ چاكىرى.

نىيىنى يە،
غىمىنى يە.

تۇققان ئانا،
ى ــ ئوگەي ئانا.

ۇچۇن كۆلەرسەن،
ئۇچۇن ئولەرسەن.

نى تاشلاپ، تالقان يەپتۇ،
تاشلاپ، ئارمان يەپتۇ.

## 2. ئىتتىپاقلىق، ئوملۇك ۋە يەككىلىك توغرىسىدا

ئارىسالدا ئىشەكنى بۆرە يەپتۇ.

ئارپا ئىچىدە بىر بۇغداي.

ئاتىسى باشقىنى خۇدا قوشىدۇ،
ئۆيرى باشقىنى نوختا (قوشىدۇ).

ئاۋارە بولدى يەككە،
ھوسۇلىنى يىدى دەككە.

ئايرىلغاننى ئېيىق يەر،
بۆلۈنگەننى بۆرە (يەر).

ئايرىلغاننى قار باسار،
بۆلۈنگەننى بوران (باسار).

باش قەيەردە بولسا، پۇت شۇ يەردە.

بىر ئىت قاۋىسا، ھەممە ئىت تەڭ قاۋاپتۇ.

بىرلىك بولماي، تىرىكلىك بولماس.

بىرنىڭ كاساپىتى مىڭغا.

دىلى بىرنىڭ تىلى بىر.

ئىككى قوشقارنىڭ كاللىسى بىر قازاندا قاينىماس.

ئىككى قوشقار ئۇسۇشكەندە، بورىنىڭ قورسىقى ئاچمىدۇ.

ئىككى ئويىنىڭ قۇرغۇنلۇغى بىر ئويگە ئاش بولار.

ئىچ ئات تارتسا، ياندا ق تارتماپتۇ،
ئايغىر تارتسا، بايتال تارتماپتۇ.

ئىش ئوملۇكتە، كۈچ بىرلىكتە.

جانمۇ - جان — ئوزىنىڭ جېنى،
كىشىنىڭ جېنى — ئىتنىڭ جېنى.

كەككە باقما، كوپكە باق.

كوپنىڭ كۇچى كوپ.

كوپنىڭ مىلىنى ئوغرى ئالماس.

كوپچىلىكتىن توشقان قىچىپ قۇتۇلماس.

كوپتىن ياخشى ئەقىل چىقار.

كوپتىن يامانلاپ، كومۇلمەي قاپتۇ.

كوپ تۇكۇرسە كول تولار.

كوپ يىلقا ئارىسىدا توكۇر قۇلۇن بىلىنمەس.

سىنىڭ - مىنىڭ دىگەن كوڭۇل تارلىغى،
بىرى يات، بىرى يات دىگەن ئورۇن تارلىغى.

تىرىك بولساق بىر يەردە بىز،
ئولۇك بولساق بىر گوردە بىز.

توپ توپىقا يىقىلار،
يالغۇز ئازگالغا (يىقىلار).

توپقا قاراپ تاش ئاتما.

تەڭ يىگەن تەنگە سىگەر،
يالغۇز يىگەن يەرگە (سىگەر).

يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس،
چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس.

يالغۇز خىش تام بولماس.

يالغۇزنىڭ سوزى ئوتمەس.

يالغۇز ياغاچ ئوي بولماس،
يالغۇز يىگىت بەگ بولماس.

يالغـۇز يۇرۇپ يـول تاپـقـچە چىشىڭ توكۈلەر.

يىگنە قاياققا ماڭسا، يىپمۇ شۇ ياققا ماڭار.

هـەركىـمنىڭ دەردى ئـوزى ئۈچۈن توگـىدىـن يـوغـان.

هـەركىمنىڭ چىرىغىنىڭ بوروغى ئوزىگە چۈشەر.

ھەركىم ئۆز ئاغرىغىنى سۆزلەيدۇ.

ھەركىم ئۆز ئۆلۈگى ئۈچۈن يىغلار.

ھەر كىشى ئۆز غېمىدە،
كور كىشى كۆز غېمىدە.

ھەر ئۆينىڭ مورىسى باشقا.

قۇم يىغىلسا تاغ بولىدۇ،
ئەل يىغىلسا باغ بولىدۇ.

ئەلنى كېلىشتۈرگۈچى — چاپانغا تۈگمە تاقىغۇچى.

ئۆمەكلىك ئىشنىڭ قۇيرۇغى دىڭ.

ئۆزى ئۈچۈن ئۇخلىغان،
كىشى ئۈچۈن چۈش كۆرەر.

ئۆز كۆز ئۆزگە لازىم،
مىدەستان كۆزگە لازىم.

ئۆزەمنىڭ دەرمەن،
ئۆلتۈرۈپ - قوپۇپ يەرمەن.

ئۆزەڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي،
(غىت قىسىپ يولۇڭغا ماڭ).

ئۆزەڭ يىمىسەڭ غىمىڭنى،
قاغا چوقار تىنىڭنى.

ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرسە ئالا بولار.

## 3. دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىك توغرىسىدا

ئارقاڭدىكى دۈشمەن،
ئالدىڭدىكى دوست.

ئاتا دۈشمىنىنى ئوزەڭگە دوست تۇتما.

ئاتاڭ باردا دوست ئىزلە،
ئېتىڭ باردا يول (ئىزلە).

ئايىنىپ كەتكەن دوست ئەمەس.

ئايرىلغان دوست ئىگىرىڭنىڭ كەينىنى قېشىنى سورايدۇ.

ئاغىنەڭ ساپ بولسا،
تاشلىقتا ئات بولسا.

ئاغزىدا كۈلكە، چاخچاق،
قوينىدا پالتا، پىچاق.

بورسمۇ دوستىغا قەست قىلماس.

بورىنى قانچە باقساڭمۇ ئىككى كوزى جاڭگالدا.

بۇگۇنكى دوستلىرىڭدىن ئەتىكى دۇشمەنلىرىڭ زىرەك.

دوست ئايرىغان دوزاق تۇۋىدە.

دوست باشقا قارايدۇ،
دۇشمەن ئاياققا (قارايدۇ).

دوست بول سىرىنى بىلىپ.

دوست كەينىڭدە ماختار،
دۇشمەن ئالدىڭدا (ماختار).

دوستىنىڭ دوستلۇغى بېشىڭغا كۇن چۈشكەندە بىلىنەر.

دوستىنىڭ كوڭلى قالغىچە،
دۇشمەنىنىڭ بويى سۇنسۇن.

دوست سوزنى تاشلىما،
تاشلاپ بېشىڭنى قاشلىما.

دوستتىن يامانلىغان ئەقلىڭنىڭ يوقلۇغى،
تاماقتىن يامانلىغان قوساقنىڭ توقلۇغى.

دوستۇڭ ئامانلىق تىلەر،
دۈشمىنىڭ يامانلىق (تىلەر).

دوستۇڭ دوست بولسۇن،
ھىساۋىڭ دۇرۇس بولسۇن.

دوستۇڭغا خار بولغىچە،
دۈشمىنىڭگە ئارتىلدۋال.

دوستۇڭ ئۈچۈن زەھەر يۈت.

دوست يىغلىتىپ ئېيتار،
دۈشمەن كۈلدۈرۈپ (ئېيتار).

دوستقا ئىناق بول،
دۈشمەندىن يىراق (بول).

دوستقا مۇھەببەت،
دۈشمەنگە نەپرەت.

دوستقا تاپا قىلما،
دۈشمەنگە كۈلكە (قىلما).

دۈشمىنىڭگە ھال ئېيتما، كۈلگىسى كېلىدۇ،
دوستۇڭدىن سىر ئايىما، بىلگۈسى كېلىدۇ.

دۈشمىنىڭگە ئۆلۈم تىلىگىچە،
ئۆزەڭگە ئۆمۈر تىلە.

دۈشمىنىڭنىڭ كۈلگىنى —
سىرىڭنى بىلگىنى.

دۈشمىنىڭنى سەرسان قىل،
مۈشكۈلۈڭنى ئاسان قىل.

دۈشمىنىڭنى قاتتىق ئۇر،
كالتىڭنى ئايىما.

دۈشمەننى كۈندۈزى ئويلا، كېچىسى پايلا.

دۈشمەننى شېكەر بىلەن ئۆلتۈر.

دۈشمەن سىرىڭنى ئوغرىلايدۇ،
دوست خاتايىڭنى تۈزىتىدۇ.

ئېشەككە باش بولساڭمۇ،
دۈشمىنىڭگە تاش بول.

ئەلپەتنىڭ قاغا بولسا، يېمىشىنىڭ پوق.

ئەلپەت تاپ — قۇدرەت تاپ.

جان دوستۇڭ جېنىڭدىن كېچەر،
مال دوستۇڭ مېلىڭدىن كەچمەس.

مېلىڭ مىڭغا يەتكىچە،
ئوڭگەڭ مىڭغا يەتسۇن.

مەيدە ئاغرىتقان ئاش ئەمەس،
كۆڭۈل ئاغرىتقان دوست ئەمەس.

ئورنىنى كىم كولىسا، ئۆزى چۈشەر.

پادا باققاندا دوست ئىدۇق،
ياڭاق چاققاندا ئايرىلدۇق.

پۇل بار چاغدا مىڭى دوست،
پۇل تۈگىگەندە قېنى دوست.

چاپاننىڭ يېڭىسى ياخشى،
دوستنىڭ كونىسى (ياخشى).

چۈشكە نىمە كىرمەيدۇ،
دۈشمەن نىمە دىمەيدۇ.

تېگى دۈشمەن دوست ئەمەس،
ئۆپكە، قېرىن گوش ئەمەس.

ياخشى كورگەن دوستۇڭغا
ياخشى كورگەن نەرسەڭنى بەر.

يامان ئات ئىگىسىنى يەرگە ئاتار،
يامان دوست دوستىنى دۈشمەنگە ساتار.

ياۋ ياقىدىن ئالسا، ئىت ئېتەكتىن ئالار.

يېغى ياندىن قوپار، دۈشمەن تاپاندىن.

يۈز دوستتىن بىر دۈشمەن يامان.

ھىساپلىق دوست ئايرىلماس.

قوشماق تەس، ئايرىماق ئاسان.

قولۇڭ ياغلانسا، دوستۇڭغا سۈۋا.

قۇرۇت ياغاچنى ئىچىدىن يەر.

قەست قىلغاننى پەس قىل.

ئەيىپسىز دوستنى ئىزلىگەن دوستسىز قالار.

# 4. باتۇرلۇق، مەرتلىك ۋە قورقۇنچاقلىق توغرىسىدا

باتۇر دۈشمەنسىز بولماس.

باتۇر جەڭدە، ھورۇن كاڭدا.

باتۇرنى مەيداندا سىنا،
سۆزمەننى دەۋادا (سىنا).

باتۇر چۈشىدە دۈشمەن كۆرەر.

باتۇرغا بىلەك كېرەك،
يالغانغا يۈرەك (كېرەك).

باتۇرغا ئوق كار قىلماس.

بۆرىدىن قورققان قوي باقماس.

ئېسىلساڭ نارغا ئېسىل،
يىقىلساڭ ناردىن يىقىل.

ئىت گادايدىن قورقىدۇ،
گاداي ئىتتىن (قورقىدۇ).

ئىتتىن قورققان گاداي ئەمەس.

جانغا جان كەلگەندە باتۇر.

جىنىمنى ئويلىسام ئۇيقۇم قاچىدۇ.

جىننىڭ گىپى چىقسا، جىنى چىقىپتۇ.

كەچ قالغان قاراڭغۇدىن قورقماپتۇ،
ئەرگە تەككەن دەرەڭگىدىن قورقماپتۇ.

كوپ ئاتقان بىلەن مەرگەن بولماس،
كوپ سوزلىگەن بىلەن چەچەن (بولماس).

كوز قورقاق، قول باتۇر.

كۇچ ئاتىسىنى ئايىماس.

لەۋزىدە تۇرمىغان يىگىت ئەمەس.

مەرت بولساڭ مەيدانغا چىق.

مەرتنى مەيداندا سىنا.

مەرت سۆزىدىن قايتماس،
يولۋاس ئىزىدىن (قايتماس).

مەرت يېڭىلسە مەيداندا قالىدۇ.

نامەرتكە سوزساڭ بوينۇڭنى،
پۈچەك ياڭاققا تولدۇرىدۇ قوينۇڭنى.

نىمىدىن قورقساڭ، شۇنىڭغا يولۇقىسەن.

ئوتنىڭ تېشىدا كۆيگىچە، ئىچىدە كۆي.

پالۋان دەرت يەيدۇ،
بالىلىرى گوش (يەيدۇ).

پەمسىز باتۇرلۇق — قورۇلى يوق مىلتىق.

چاپىنى بارغا مۇشت ئاتاي،
جۇۋىسى بارغا تو كەتسۇن.

رودۇپاي كالتەكتىن قورقىدۇ.

سادىن لاچىن تۇغۇلۇپتۇ.

سۇغا يىقىلغان يامغۇردىن قورقماس.

توخۇنى ئۆلتۈرمىگىچە، يولۋاسنى قورقۇتقىلى بولماس.

توشقاندەك يۈز يىل ياشىغىچە،
يولۋاستەك بىر يىل ياشا.

تۆگمەندە تۇغۇلغان چاشقان گۈلدۈرمامىدىن قورقماس.

ئۇچقۇندىن قورققان تۆمۈرچى ئەمەس.

شەڭگىنىڭدىن قورقمايمەن،
قوناقلىقتىن چىقمايمەن.

يالاڭئاياق سۇدىن قورقماس.

يېتىپ ئۆلگىچە، ئېتىپ ئۆل.

يىغىدىن يار بويى قاچ.

يىغىلمىق كۈندە يات ياخشى.

ئىلاندىن قورقۇپ كەتكەن ئاغامچىدىنمۇ قورقىدۇ.

يىقىلغاننى يەر كوتىرەر.

يىقىلغان چېلىشقا تويماپتۇ.

يولۋاس بالىسىنى تۇتىمەن دېسەڭ،
يولۋاس ئۇۋىسىغا كىر.

يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس،
ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر.

يولۋاسقا يولۇقما،
يولۇقساڭمۇ هولۇقما.

Altunoq

يۈز قاغىغا بىر شۇڭقار كۇپايە.

قاچقانمۇ خۇدا دەيدۇ، قوغلىغانمۇ.

قاچقۇنغا شەپقەت يوق،
ئازغۇنغا هورمەت (يوق).

قېچىپ كەتكەن چېچىپ كەتتى.

قورقۇنچاقنىڭ تۇمىغى بولغىچە،
باتۇرنىڭ چومىغى بول.

قورقۇنچاقتا نومۇس يوق.

قورقۇنچاق ھەسەتخور بولار،
نامەرت قەسەمخور (بولار).

قورقۇنچاق ئۆلمەي تۇرۇپ مىڭ قېتىم ئۆلەر.

قورققان ئاۋال مۇشت تەڭلەر.

قورققان مۇشۇككە چاشقاننىڭ ئۇۋۇسى ساراي بوپتۇ.

قورققاننى ئەجەل قوغلار.

قورققان يەردە جىن بار.

قورققانغا قوش كورۇنەر،
كولەڭگىسى بەش كورۇنەر.

قۇشقاچتىن قورققان بۇغداي تېرىماس.

ئەندىشىنىڭ ئېتى قورققاق.

ئۆزىنىڭ سايىسىدىن ئۆزى ئۈركۈپتۇ.

ئۆزى قىلغان ئەر ئۆزى يىغلىماس.

## 5. ئىلىم - پەن، ھۈنەر ۋە نادانلىق توغرىسىدا

ئادەم بالىسىنىڭ باھاسى ئىلىم بىلەن.

ئادەمنىڭ تېشىغا قارىماي، ئىچىگە قارا.

ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى.

ئاۋالقى قۇلاقتىن كېيىنكى مۈڭگۈز ئۆزۈپتۇ.

بىلگىنىڭنى ئەلدىن ئايىما،
بىلمىگەننى بىلىمەن دەپ كايىما.

بىلگەن بىلگىنىنى ئىشلەر،
بىلمىگەن بارمىقىنى چىشلەر.

بىلگەن بىلىمىگە ئىشىنەر،
بىلمىگەن نىمىسىگە (ئىشىنەر)؟

بىلگەندىن ئۆگەن،
بىلمىگەنگە ئۆگەت.

بىلگەنگە ئون ئىككى،
بىلمىگەنگە ئوتتۇز ئىككى.

بىلىگى چوڭ بىرنى يېڭەر،
بىلىمى چوڭ مىڭنى (يېڭەر).

بىلىم — ئەقىلنىڭ چىرىغى،
يوقتۇر يولنىڭ يېرىغى.

بىلىملىك ئاسمانغا چىقىپتۇ،
بىلىمسىز ساماندا يېتىپتۇ.

بىلىملىك كىشى ئوزار،
بىلىمسىز كىشى توزار.

بىلىملىكنىڭ باھاسى يوق،
بىلىمسىزنىڭ ساپاسى (يوق).

بىلىمسىز ئادەم — مېۋىسىز دەرەخ.

بىلىمسىزگە ئىش يوق،
ئىشسىزغا ئاش (يوق).

بىلىمسىزگە ھال ئېيتقىچە،
ئىچىڭدە سېسىپ كەتسۇن.

بىلمىگەننى قىلما، بىلگىنىڭنى پەملە.

بىلمەسلىك ئەيىپ ئەمەس، تىرىشماسلىق ئەيىپ.

ئېلىپنى تاياق دىيەلمەيدۇ،
مىمنى چوماق (دىيەلمەيدۇ).

ئىشقا قاراپ تاۋىقى،
ھۈنىرىگە قاراپ سىمكىرى.

گوھەرلىك بولۇشتىن ھۈنەرلىك بولۇش ئارتۇق.

گوھەر ياتىدۇ سايدا،
تونۇمىساڭ نىمە پايدا.

ئىلىملىك ـــ نۇر،
ئىلىمسىز ـــ خور.

ئىچىڭدىن كومۇر چىقسىمۇ توكۇپ كەت.

ئىش ئۇستىسىدىن قورقار.

جانلىق نادان ـــ ئولۇك،
جانسىز ئالىم ـــ تىرىك.

كوپ ئوقۇغان كوپ بىلەر.

كوپ ياشىغان نىمە بىلەر،
كوپنى كورگەن شۇ بىلەر.

مىۋىلىك دەرەخ ئېگىلىپ تۇرىدۇ،
كىشىلەر ئاڭا تىرەك قويىدۇ.
مىۋىسىز دەرەخ غادىيىپ تۇرىدۇ،
كىشىلەر ئۇنى پۇتاپ تۇرىدۇ.

مىۋىسىز دەرەخقە كىم باقىدۇ،
مىۋىلىك دەرەخقە ھەركىم قول ئۇزىتىدۇ.

نادانلىق — قاراڭغۇلۇقتىن يامان.

نادانغا ئېيتقان ئىسسىق سوزۇم،
ئولۇككە يىغلىغان ئىسسىق كوزۇم.

نادان قازانغا قارايدۇ، تادان ئوچاققا.

نىمىنى بىلمىسەڭ شۇنىڭدىن قورقىسەن.

ئوقۇغان ئوغۇل ئاتىسىدىن ئۇلۇغ.

رەھمەت پۇل ئەمەس، ھۇنەر پۇل.

ساختىپەز نادانىنى تاپىدۇ، بىلىملىكتىن قاچىدۇ.

سوراپ بىلىش ئەيىپ ئەمەس.

سورىغان بىلىم ئالار،
ئۇيالغان كېيىن قالار.

توخۇ بىلگىنىنى قىچقىرار.

تومۇرچىنىڭ قولىدا تومۇر ئىمان ئېيتىدۇ.

ئۇستا باردا قولۇڭنى تارت،
موللا باردا تىلىڭنى (تارت).

ئۇستا كورمىگەن شاگىرت
ھەر مۇقامدا يورغىلار.

شاكىچىك تىككەن توقۇمنىڭ
ئالدى ـ كەينىنىڭ پەرقى يوق.

ھۇنىرى بار قول ئولمەس.

ھۇنىرى يوق كىشىنىڭ،
مەزىسى يوق ئىشىنىڭ.

هۈنەر كۆپكىمۇ يەتكۈزىدۇ،
كۆككىمۇ يەتكۈزىدۇ.

هۈنەرلىك ئەر خار بولماس،
دوست — دۈشمەنگە زار بولماس.

هۈنەر — قىلسا ئۈنەر.

قازاندا بولسا چۆمۈچكە چىقار،
بولمىسا نىمە چىقار.

قىلىچنىڭ كۈچىدىن قەلەمنىڭ كۈچى ئارتۇق.

قىرىق هۈنەر — هۈنەر ئەمەس،
ئەسلى هۈنەر — چويلىچىلىق.

قۇلى گۈل ئېتىدۇ غىزا،
قولى گال تارتىدۇ ئىزا.

ئەر كىشىگە يەتمىش تۈرلۈك هۈنەر ئاز.

ئۆزەڭدىن يۇقۇرىغا قاراپ پىكىر قىل،
ئۆزەڭدىن تۆۋەنگە قاراپ شۈكۈر قىل.

## 6. ئەقىل-ئىدراك، پەم-پاراسەت ۋە ئەخمەقلىق توغرىسىدا

ئادەم بولمىساڭ ئەقلىڭ بىلەن،
ئەخمەق بولىسەن ساقىلىڭ بىلەن.

ئادەمگە ئەقىل كېرەك،
پاتقاقتا شىخىل (كېرەك).

ئەخمەق بىلەن سوزلىشىپ ئولتۇرۇشقا ئەخمەقلىق كېرەك.

ئەخمەق دوستتىن ئەقىللىق دۈشمەن ياخشى.

ئەخمەق كۈندۈزى چىراق ياقىدۇ،
بېغى توگەپ، كېچىسى ئايغا باقىدۇ.

ئەخمەقنى ئېپىپلىماي ئىشقا سال.

ئەخمەقنىڭ ئاغزىدا ئوگاي،
پادىشانىڭ غەزنىسىدە.

ئەخمەقنىڭ دوستى تولا،
پىيازنىڭ پوستى (تولا).

ئەخمەقنىڭ جېنى ئازاپتا.

ئەخمەقنىڭ ئەقلى خۇرجۇن.

ئەخمەقنىڭ ئەقلى چۈشتىن كېيىن كېلەر.

ئەخمەقتىن ئەقىل سورىما.

ئەخمەق ناماز ئوقۇ دىسە، پىشانىسىنى يېرىۋالار.

ئەخمەققە توخماق.

ئەخمەق ئەلچى ئىككى تەرەپنى بۇزار.

ئالتە ئولچەپ بىر كەس.

ئانامنىڭ ئولۇشىنى بىلسەم، بىر تاۋاق كىپەككە سېتىپ يەر ئىدىم.

ئاچچىق ئالدىدا يۈرىدۇ، ئەقىل كەينىدە.

ئاچچىق كەلگەندە ئەقىل قاچىدۇ.

ئارىدىكى ئەخمەق — تۇغرىدىكى توخماق.

ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپتۇ.

ئات ئازسا، تايغا ئەگىشەر.

ئاتقا كۈچى يەتمىگەن چاكاندا ئۈزۈۋېتار.

ئاي تۇلدە كېرەك،
ئەقىل كۈندە (كېرەك).

ئاقىلغا ئىشارەت، نادانغا جۇۋالدۇرۇز.

ئاقىل ئۆزىنى ئايايدۇ.

ئاققا قارا يوق، قارىغا چارە يوق.

بارچە گۈنا ئۆزەمدە تۇرۇپ،
قاپ كوتىرىپ نەگە باراي.

بىلمىگەنگە ياخشىلىق قىلما،
تىڭشىمىغانغا سۆز (قىلما).

AltunOq

بىغەرەزدىن دوزاق قېچىپتۇ.

بىغەرەز پادىشادىن چوڭ.

بوي دىسەڭ توگىدە بار،
ساقال دىسەڭ ئۆشكىدە.

بويى بارنىڭ ئويى يوق.

بەل باغلىغان بىلەن ئەر ئەمەس،
باش تارىغان بىلەن خوتۇن (ئەمەس).

دادام قازناقتا يوق.

دانا كىشى ئاز سوزلەپ، كوپ ئاڭلار.

داپ داراڭلىغان يەردە يۇرۇپتۇ،
ئېشەك هاڭرىغان يەردە.

گالۋاڭ ئىگىزنىڭ بېشى هەمىشە زىدە.

گاچا چوچۇرە يىسە، ئىچىدە ساناپ يەر.

ئىككى تاۋۇزنى بىر قولتۇققا قىسقىلى بولماس.

ئىنەككە سۈت كورسەتمە،
ئەخمەققە قىز (كورسەتمە).

ئىت ئۇستىخان يىسە كوتى بىلەن كېڭىشەر.

ئىش كورمىگەن خام بالا.

ئىشتانغا چىقارغان كوڭۈلگە تايىن.

كېرەككە تېرەك يىقىلىدۇ.

كېيىنكى پۇشمان ـــ ئوزەڭگە دۇشمەن.

كېيىننى ئويلاپ ئىش قىل.

كىچىك بالا ئەمەسمەن
ئەمچەكنى "مەمــمە" دىگىلى.

كىرىشتىن ئاۋال چىقىشنى ئويلا.

كومسەم پىشارمۇ،
ياپسام پىشارمۇ.

كوز دىگەن كاما نىمە،
كورمىسە بىكار نىمە.

كوز كىچىك بولسىمۇ، كورىدىغىنى چوڭ.

كوز كورىدۇ، ئەقىل تونۇيدۇ.

نەپسىگە ئەگەشكەن ئەخمەق،
پالاكەت تىگىدە ياتماق.

نەپسىنىڭ تىزگىنى ئەقىلنىڭ قولىدا.

ئوتۇن ئۇششىغى بىلەن كويەر.

ئويلىماي ئىش قىلساڭ،
سانىماي تاياق يەيسەن.

ئويلىماي قىلغان ئىشىڭدا،
كۈندە غوغا بىشىڭدا.

پۇل تاپقىچە، ئەقىل تاپ.

پۇلۇڭغا ئىشەنگىچە، ئەقلىڭگە ئىشەن.

پۈتۈڭنىڭ توغرىلىغىغا قارىما،
يولۈڭنىڭ توغرىلىغىغا قارا.

پۈشايمان پايدا بەرمەس.

پەمسىزنىڭ پاراستى يوق،
غەمسىزنىڭ پاراغىتى يوق.

پەشنى كېسىپ، يەڭنى ياماپتۇ.

چاپان كويسىمۇ كويسۈن، قازان قاينىسۈن.

چاپىغىنى ئالىمەن دەپ، كوزىنى قارغۇ قىلىپتۇ.

چىچەننىڭ تىلى،
چەبدەسنىڭ قولى.

چىچەن بېگىلىسە مىڭ يىللىق.

چىراي كورۈپ هال سورا.

چىراقپايدا چاي ئىچكەن "چىچەن"نى كورۈك.

چىراق پەلىگەن خىزمەت ئەمەس،
ئوچۈرمىگىچە ھىساپ ئەمەس.

چوڭنىڭ ئەقلىمۇ چوڭ.

چېرچەندە ئىشەك ئۆلۈپتۇ دىسە،
ئۆپكىسىنى مەن قويغان، دەپتۇ.

چۈشمەك ئاسان، چىقماق تەس.

سۇ يوق يەردە تەيەممۇم.

سۇغا بېرىپ، چىلەكنى ئۇنتۇپتۇ.

توخۇنى كولچەككە ھەيدەپتۇ،
ئۆدەكنى قونداققا (ھەيدەپتۇ).

تەدبىرىڭ قانداق بولسا،
تەقدىرىڭ شۇنداق بولار.

توگىدەك بويۇم بولغىچە،
تۈگمىدەك ئەقلىم بولسىچۇ.

توگىنىڭ ئەقلى بولسا، يانتاق يىمەس.

توگە بىلەن يانتاققا چوككىلى بولماس.

توگە مىنىپ، توگە ئىزلەپتۇ.

تۆگمىنى كورۈپ، توگىنى كورمەپتۇ.

يولۋاس ياتقىنىدىن مەلۇم.

زىرەك بالا تىپىپ سوزلەيدۇ،
كالۋا بالا كوپۈپ (سوزلەيدۇ).

زىرەك كىشى خوشامەتنى دوست تۇتماس.

غەرەزدىن غەرەز تۇغۇلار،
تاز باشتىن مەرەز (تۇغۇلار).

هاماقەتنى هارماك دىمە،
هارغاندا ئوزى توختايدۇ.

هارماك دىسە، خامان باقتىم دەپتۇ.

هەر بىر ئىشنىڭ يولى بار،
هەممە تامنىڭ هۇلى بار.

هەركىم ئوزىنى چاغلاپ،
ئىش قىلىدۇ بىلىنى باغلاپ.

هەر ئىشقا پەم كېرەك،
ئوتتۇككە چەم (كېرەك).

قالاشنى بىلسەڭ قارمۇ كويىدۇ.

قاچىنىڭ تېگىدە قاچا بار،
ساقىنىڭ زىرەك گاچا بار.

قازى بىلەن قالامسەن،
مۇپتى بىلەن كېتەمسەن؟

قۇش قانىتى بىلەن ئۇچىدۇ، پۇتى بىلەن قونىدۇ.

ئەتىگەندە كېلىپ ئىشىككە قارىغىچە،
كەچتە كېلىپ ئورۇنغا قارا.

ئەيىۋىنى يوشۇرغان ئەخمەق.

ئەقىلدىن ئارتۇق بايلىق يوق.

ئەقىل كورمىسە، كوز دىگەن تامنىڭ توشۇگى.

ئەقىللىق دىسە بولىدۇ ئېيتمىسا بىلگەننى،
سېخى دىسە بولىدۇ سۇرىمىسا بەرگەننى.

ئەقىللىق ئېتىنى ماختايدۇ،
ئەخمەق خوتۇنىنى.

ئەقىللىق خوتۇنىڭ سادىغىسى بول.

ئەقىلىقنىڭ ئىتى هارماس، تونى توزىماس.

ئەقىللىق ئوزىنى ئەيىپلەر،
نادان دوستىنى.

ئەقىلسىز باشنىڭ دەردىنى پۇت تارتىدۇ.

ئەقىلسىز باش پۇتقا ئارام بەرمەس.

ئەقىلسىز بىلەن پولۇ يېگىچە،
ئەقىللىق بىلەن تاش توشۇ.

ئەقىلسىزنىڭ ئىپى يوق،
ئىڭشىغىدەك گېپى يوق.

ئەقىلسىزنىڭ پەمى يوق،
ئوتۇگىنىڭ چەمى يوق.

ئەقىل توزىماس، بىلىم خورىماس.

ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا.

ئۆلۈپ ئۆسكەن مال ياخشى،
بىلىپ ئۆسكەن جان ياخشى.

ئۆزىنى بىلگەن خار ئەمەس.

ئۆزىنىڭ پۇتىغا ئۆزى پالتا چېپىپتۇ.

ئۆزىنىڭ سايىسىغا ئۆزى مۇشت ئېتىپتۇ.

ئۆزىنى سورىغان شەھەرگە سۇلتان،
ئۆزىنى سورىمىغان ئۆتۈككە ئۇلتاڭ.

ئۆزىنى سورىغان يۇرت سوراپتۇ.

ئۆزىنى سورىغان قازى ئالدىغا بارماس.

ئۆزەمدىن ئۆتكەن،
قولۇمدىن كەتكەن.

ئۆزەمنىڭ راست دىگەن كۆپنى كۆرمەس.

ئۆزەم تاپقان بالاغا،
نەگە باراي داۋاغا.

## 7. ئىش ـ ئەمگەك ۋە ھورۇنلۇق توغرىسىدا

ئادەم قولى ـــ گۈل.

ئادەم قولى چۆلنى بوستان قىلار.

ئالتۇن ئوتتا، ئادەم مېھنەتتە بىلىنەر.

ئالتە ئايدا بىر تون تىكتىم،
ئەملىدىممۇ، يەملىدىممۇ(؟)
ئاردا قونۇپ سۇ ئەكەلدىم،
يۈگۈردۈممۇ، ئۇچتۇممۇ(؟)

ئارپا تاپساڭ ئاتقا بەر،
سامان يېسۇن كاللار.
پۇلنى تاپساڭ ئۆزەڭ يە،
ئىشلەپ يېسۇن باللار.

ئات ـ ھارۋاڭ كەتسىمۇ كەتسۇن، غاڭزاڭنى چالا قاقما.

ئاۋال ئىشلە، ئاندىن ئوينا.

ئاش كەلسە يېگىن،
ئىش كەلسە قىلغىن.

ئاشنى باداڭدىن سورا، ئىشنى كاداڭدىن.

ئاشنى كورسە ئىچىلك تاز،
ئىشنى كورسە قېچىلك تاز.

ئاشنى كورۇپ، ئىشنى ئۇنتۇما.

ئاش تەڭ، نان تەڭ،
سول نىمىشقا كەڭ؟

بىكار بولساڭ كىپەك تاسقاپ يە.

بىكاردىن خودا بىزار.

بىكارنىڭ چولىسى يوق،
قىلغىلى ئىشى (يوق).

بىكار تۇرغىچە، بىكارغا ئىشلە.

بىر بىكار ئوننى بىكار قىلىپتۇ.

بىرنى بىر كىم بىرەر،
كوپنى ئەمگەك (بىرەر)·

بولۇمسىزنى بولدۇرالمىدىم،
خۇرجۇن ـ قاچىسىنى تولدۇرالمىدىم·

بوي ئىشلىمەس، قول ئىشلەر·

بۇ خىنىمنىڭ ئۇزلۇغى،
ئاپتاپتا قاپتۇ تۇزلۇغى·

بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۇلىمەن·

بۇگۇنكى ئىشنى ئەتىگە قويما·

دادام مازارغا شەيخ،
مەن تەييارغا (شەيخ)·

ئىردىنچەكنىڭ ئەتىسى تۇگىمەس·

ئىرىنسەڭ ئىشىڭنى كىم قىلار،
ئۇيالساڭ سوزۇڭنى (كىم قىلار)·

ئىشەك كۇل تاپسا ئىغنار·

گەپدان بولغىچە، ئىشچان بول.

گەپ دىسە، بەش ئىشەككە يۈك،
ئىش دىسە خەپ شۈك.

گەپ دىسەڭ قاپ ـ قاپ،
ئىش دىسەڭ، سامانلىقتىن تاپ.

گەپ يەردە ئەمەس، ئەردە.

خۇمداندا خىش تولا،
قىلاي دىسەم ئىش تولا.

ئىت مۈشۈكنى بۇيرۇسا،
مۈشۈك قۇيرۇغىنى بۇيرۇپتۇ.

ئىش ئاشقا تارتىدۇ،
هورۇنلۇق باشقا (تارتىدۇ).

ئىش بار يەردە ئاش بار.

ئىش ئىگىسى بىلەن،
قوش مىگىسى بىلەن.

ئىشى تېزنىڭ ئېشى تېز.

ئىش ئىشتەينى ئاچىدۇ.

ئىشى يوق ئىت سۇغىرار.

ئىشى يوقنىڭ ئېشى يوق.

ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق،
ئىشلىمىگەننىڭ يۈزى چورۇق.

ئىشلىگەن چىلىق - چىلىق،
ئىشلىمىگەن قۇرغاقچىلىق.

ئىشلىسەڭ ئالىسەن قاپلاپ ئاش،
ئىشلىمىسەڭ قالىسەن چايناپ تاش.

ئىشلىسەڭ چىشلەيسەن.

ئىشلىقنىڭ ئىشى پۈتەر،
ئىشسىزنىڭ كۈنى ئۆتەر.

ئىشلەپ يىگەن لەززەتلىك،
تىلەپ يىگەن مىننەتلىك.

ئىشنىڭ ئاسىنى يوق،
قىلالىساڭ قىيىنى يوق.

ئىشچان دوستۇڭ — جان دوستۇڭ.

ئىش تولا، كومۇر ئاز.

ئىش ۋاقتىدا ھەييار،
ئاش ۋاقتىدا تەييار.

ئىش قورالىڭ ساز بولسا،
مۇشەققىتىڭ ئاز بولار.

جاپا چەكمىگىچە ھالاۋەت يوق.

كىم بىكار — سەن بىكار،
ھويلىڭدىكى ئىت بىكار.

كىشىگە ئىشەنگىچە، بىلەكىڭنىڭ كۈچىگە ئىشەن.

كىشىنىڭ ئاغزىغا قارىغان ئاچ قالار.

كىشىنىڭ جۇۋىسىدا تەرلەپتۇ.

كىشىنىڭ تاھارىتىدە ناماز ئوتەپتۇ.

كىشى قولىدا قۇش تويماس.

كوكتىن ئىزلىگەننى يەردىن تاپتى.

كوز كورەر، قول ئىشلەر.

مېڭىشقا ئېرىنسەڭ، كېيىن يۈگۈرەيسەن.

مېھنەتنىڭ تېگى راھەت.

مېھنەتتىن قاچما، مىننەتتىن قاچ.

مەدداھ گەپ سېتىشتىن ئۇيالماس،
ھورۇن پىت بېقىشتىن (ئۇيالماس).

مەن ئالدىرايمەن كەتكىلى،
ئېشىگىم ئالدىرايدۇ ياتقىلى.

مۇكچەيگەننىڭ بېلىنى كەتمەن تۈزەيدۇ.

ناسۋال قاپاقتا نان بارمۇ.

پالتا چۈشكىچە كوتەك ئارام ئاپتۇ.

پىلانسىز ئىش — قىلىپسىز خىش.

سىرلىساڭ سىرلىق ئاياق،
سىرلىمىساڭ ئىتقا يالاق.

سۇسىز ھايات بولماس،
ئەمگەكسىز راھەت (بولماس).

سۇ يوق دېگەن ھورۇنلۇق.

سەن سالا، مەن سالا،
ئاتقا چوپنى كىم سالا.

سەن تارت — مەن تارت،
بوش تۇتۇپ چىڭ تارت.

سەۋەپ قىلساڭ سەۋەتتە سۇ توختار.

سەۋەپ قىلساڭ زاۋال يوق،
قىلالمىساڭ ئامال يوق.

سەۋەپ قىل، تەلەپ قىل.

تاغدەك ئىشنىڭمۇ تېرىقتەك تۇگۈنى بار.

تاققا چىقماي دولان يوق.

تېرساڭ ئورارسەن،
ئىزلىسەڭ تاپارسەن.

تېرىغان خامان قىلار،
تېرىمىغان ئارمان (قىلار).

تېجىمەل كېپەن تاپسا ئولۇۋالار.

تىلەپ ئالغان تىزغا يەتمەس.

تويغىچە يەپ، تەرلىگىچە ئىشلە.

تەر بىلەن كەلگەن تەشنالىققا داۋا.

تەر قىلغان ــ ئەتكەننى هالاللايدۇ.

تەييار ئىشنىڭ بېشىغا
ئاسان كېلەر قېشىغا.

تۆكمەن بىر ئايلانغىچە، ئىگىسى يۈز ئايلىنار.

ئۈچاڭ قىچىشسا تۈگمەنگە بار.

ياماق ياماپ، يارماق① تاپ.

ياتقان ئوكۈزگە يەم يوق.

ياز بولسا، قىش بولمىسا،
ئاش بولسا، ئىش بولمىسا.

يېتىپ يەپتىمەن، تۈگەپ قالارىنى بىلمەپتىمەن.

يوق دىسە يېتىپ يەڭ.

يۇمشاققا ماقزىل،
قاتتىققا ياق - ياق.

هورۇن ئىشەك يۈكنى ئېغىر كوتىرەر.

هورۇن كۈندۈزى يۇلتۇز كورۇپتۇ،
كېچىسى ئايدىڭدا پىشانىسى كويۇپتۇ.

هورۇننى ئىشقا بۇيرۇساڭ،
ئاتاڭدىن ئارتۇق ئەقىل كورسىتەر.

---

① يارماق — ئوتمۇشتىكى تۈچتىن ياسالغان تەڭگە پۇل.

ھورۇننىڭ غەيرىتى ئىش تۈگىگەندە كېلەر.

ھورۇن ئولتۇرۇپ ئۇخلايدۇ، يېتىپ ئىشلەيدۇ.

ھورۇنغا ھويلىدىكى سۇ يىراق.

ھەركەتتە بەركەت،
بىكارچىلىقتىن نېرى كەت.

ھەسەلنىڭ ھەرىسى بار، گۈلنىڭ تىكىنى.

قانچىلىك ئۇخلىساڭ، شۇنچىلىك ئاچ قالىسەن.

قىلىچ قىنىدا ياتسا دات باسىدۇ.

قىرىق ئاغىچا ئاچتىن ئۆلۈپتۇ.

قىشلىغى قايان باراي،
ياز كەلسە ساراي سالاي.

قولدەك ئىشلەپ، بەگدەك يە.

ئەمگەك بىلەن ئەر كۆكرەر،
يامغۇر بىلەن يەر (كۆكرەر).

ئەمگەك ئېتىزدا قالماس.

ئەمگەكنىڭ نېنى تاتلىق،
ھورۇننىڭ جېنى (تاتلىق).

ئەمگەك قىلساڭ ئانىغىڭ چىقار،
قىلمىساڭ چاتىغىڭ (چىقار).

ئەتىگە قالغان ئىشقا قار ياغار.

ئۆلۈپ يېتىپ ئۆپكە تىلەپتۇ،
چېچىپ يېتىپ كۆرپە (تىلەپتۇ).

ئۈژمە پىش، ئاغزىمغا چۈش.

# 8. دىخانچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە چارۋىچىلىق توغرىسىدا

ئانارنى چولگە تىك، ئەنجۈرنى كولگە.

ئاتاڭ كوكۋىشى بولغىچە،
ئوييۇڭ سۇ بىشى بولسۇن.

ئاتاڭمۇ يەر، ئاناڭمۇ يەر.

ئاۋال تام ئەت، ئاندىن باغ ئەت.

ئاق لەيلى بار يەرگە ئاش تەرمە.

بىغى بارنىڭ تىغى بار.

بىغىنى سورىماي، ئۈزۈمىنى يەڭ.

بىرنى كەسسەڭ، ئوننى تىك.

بولىدىغان ئاشلىق كوكىدىن مەلۇم.

بۇغداي تەرسەڭ كۆزگە تەر،
ئارپا تەرسەڭ بوزغا (تەر).

دىخان بولساڭ شۇدىگەر قىل،
موللا بولساڭ تەكرار قىل.

دىخانچىلىق — چىلىق - چىلىق،
بولمىسا غېرىپچىلىق.

دوڭگە جىرىم تىكمە،
چوڭقۇرغا ئوي سالما.

ئېرىقنى ئويۇپ چاپ،
سۇنى ئويىناپ تۇت.

خامان ئالماق — شەھەر ئالماق.

كوكىنى كورۇپ كوكسۇڭنى كەرمە.

مالنى باقساڭ توق بولىدۇ،
بولمىسا يوق بولىدۇ.

مالنىڭ بېشى توخۇ.

مال سەمرىسە ياغ بولىدۇ،
يەر سەمرىسە باغ بولىدۇ.

نېمە تېرىساڭ، شۇنى ئالىسەن.

ئوغۇت يىغساڭ تاتلاپ،
ئاشنى ئالىسەن قاچىلاپ.

چارۋا مال — باراڭ.

سۇ كەلگىچە توغان سال.

سۇ — يەرنىڭ قېنى،
يەر — دېخاننىڭ جېنى.

تامچە سۇدا تال كوكىرەر.

تازنى ئەر بولمايدۇ دىمە،
ساسنى يەر (بولمايدۇ دىمە).

تېرىيدىغان يېرىڭ نەم بولسۇن،
كىرىدىغان يېرىڭ كەڭ بولسۇن.

تەخەيلىك ئىشەك پايخانىغا يارىماس

تەكشى چاچساڭ تاختىدەك،
ئالا چاچساڭ لەخمىدەك.

تەر توكۇپ چاچساڭ ئۇرۇق،
يەر سىنى قويماس قۇرۇق.

تەرمىسەڭ ئۇنمەيدۇ.

توگە تاپىنىدا خامان يۇمشىماس.

Altunoq

توگە يۇزگە يەتمەس،
يۇزگە يەتسە كوز يەتمەس.

ئۇرۇغۇڭنى يىگىچە، ئويۇڭنى يە.

شالاڭ ئاش باش كورسىتەر،
قويۇق ئاش چەش كورسىتەر.

شاپتۇلدا باغ ئەتمە،
ئوشكىدە مال (ئەتمە).

ياخشى دىخان ئۇلاقنى باقىدۇ،

ياماں دىخاں قامچىسىنى قاقىدۇ.

يىرىڭنىڭ قار بىلەن توڭلىغىنى —
ئىشىگنى خۇدانىڭ ئوڭلىغىنى.

يىرىڭ تاش بولسىمۇ،
ئىچىڭىڭ باش بولسۇن.

يىلتىز سۇدا بولمىسا، ئۈنۈمدىن ئۈمىت كۈتمە.

يەر — ئالتۇن قوزۇق.

يەر ئاچچىغى — جان ئاچچىغى.

يەرنى ئالدىغان — ئوزىنى ئالدار.

يەر تويدۇرار، ئوت كويدۇرەر.

يەر تويمىغىچە، ئەل تويماس.

يەر ھەيدىسەڭ كۆز ھەيدە،
كۆز ھەيدىمىسەڭ يۈز ھەيدە.

يەر قەدرىنى بىلمەيدۇ
يەر كورمىگەن دىخانلار.
يۇرت قەدرىنى بىلمەيدۇ
يۇرت كورمىگەن نادانلار.

هوسۇلۇڭ كەم بولسا، هاۋادىن كورمە.

هوسۇلۇڭ يەتسە گۇل قىس.

قىغلىساڭ تېرىلغۇ بولار.

قىغسىز يەر — پۇلسىز ئەر.

## 9. ۋاقىت، مەزگىل ۋە تەبىەت ھادىسە-لىرى توغرىسىدا

ئالتىنچى ئايدا ئالتە چاپان كىيىپتۇ،
ئون ئىككىنچى ئايدا كالتا چاپان.

ئانام بارغىچە لەيلىقازاق تۇزۇپتۇ.

ئاپتاپنىڭ چىقىشىغا باق، سۇنىڭ ئېقىشىغا.

ئاي كوردى، كۈن ئالدى.

ئاينىڭ بېشىدىن قورققىچە، بەشىدىن قورق.

ئاي قوتانلىسا ئايدا ياغار،
كۈن قوتانلىسا كۈندە (ياغار).

دەم غەنىمەت، دىدار غەنىمەت.

ئېسىڭ باردا ئىتەك ياپ.

گاھى خۇدا بىلەن رۇسۇل،
گاھى دۇتار بىلەن ئۇسۇل.

كېلىنىڭنى كەلگەندە كور، بوكىنى كىيگەندە.

كەچ بولدى — يات، سەھەر بولدى — كەت.

كويدۇرسىمۇ كۇن ياخشى.

كۇنلۇك ئىش قىلساڭ سەھەردىن باشلا،
يىللىق ئىش قىلساڭ باھاردىن (باشلا).

مۇسۇلمانچىلىق ئاستا ـ ئاستا.

نانىنى تونۇرنىڭ قىزىغىدا ياق.

ئوت كويدۇرۇپ قورۇيدۇ،
شامال چىپچىپ سورۇيدۇ.

چىشىڭنىڭ باردا گوش يە،
كوزۇڭنىڭ باردا شەھەر كور.

چىشى چىققان بالىغا
چايناپ بەرگەن ئاش بولماس.

تويدىن كېيىن ناغرا چاپتۇ.

توققۇز قىزنىڭ تولغىقى بىر كۈندە تۇتۇپتۇ.

تومۇرنى قىزىغىدا سوق.

ۋاقتىڭ كەتتى — بەختىڭ كەتتى.

ۋاقتى ئۆتكەندە قىلىچىڭنى پوققا چاپ.

شامال تۈۋەندىن كېلىدۇ، ئاپتاپ يۇقۇرىدىن.

شاقىراپ ياققان يامغۇر ياندىن ئۆتەر،
سىمىلداپ ياققان يامغۇر جاندىن (ئۆتەر).

ياخشى كەلسە هوت،
يامان كەلسە جۇت.

يامغۇردا يەپ يات،
بوراندا دۈم يات.

يازدا يېپىنچاڭنى ئېلىپ يۈر، قىشتا ئوزۇغۇڭنى.

ياز دولەت، قىش مەينەت.

يازنىڭ كېلىشىنى باھار بەلگىلەيدۇ.

يازنىڭ تىزىگى قىشقا دورا.

ياغمىغان يامغۇرغا چەكمەن يېپىنما.

يېرىم كۈننىڭ يېنىشى يوق.

غاز كەلدى ــ ياز كەلدى،
غاز كەتتى ــ ياز كەتتى.

ھوشۇر ئېيىدا قوۇيماق يەپ،
سەپەر ئېيىدا كىكىرىپتۇ.

ھوت ــ كەتمەن سىپىنى تۇت.

قاراڭغۇنىڭ كوزى يوق.

قاردا پولۇ، يامغۇردا شورپا، بوراندا تۇيقا ياخشى.

قىشنىڭ ئاپتىۋى دۈشمەننىڭ كۈلكىسىچە بار.

قىشنىڭ گۈلى ــ ئوت.

قىشنىڭ كوزى قارغۇ.

قىش غېمىنى يازدا يە، ياز غېمىنى قىشتا.

قوغۇن پىشسا ساپىقىدىن تۈزماس.

قەدىرلىگەن ۋاقتىڭنى،
ئىشلەتمىگەن ئۆمرۈڭگە.

قەشقەرنىڭ قىشى ئاز، سوغىقى ئەتىياز.

ئەتىكى هاراقتىن، بۈگۈنكى سوغ سۇ ياخشى.

ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا.

ئەتىيازدا توخۇ تويىماس.

ئۆلگەندىن كېيىن "ياسىن" ئوقۇغاننىڭ نېمە پايدىسى.

ئۆتكەل ئۆتسەڭ بۇرۇن ئۆت،
كېيىن ئۆتسەڭ يول تايغاق.

# 10. راستچىللىق ۋە يالغانچىلىق توغرىسىدا

ئات ئايلىنىپ، يول سارىسىنىغا.

ئاغرىقنى يوشۇرساڭ، ئۆلۈم ئاشكارا.

ئاق بولسۇن، پاك بولسۇن.

بېشىڭغا قىلىچ كەلسىمۇ توغرا سۆزلە.

بۇرۇتىنى يىكەندە ئاپتۇ.

بوكىگە جىگدە ساپتۇ.

دەللالنىڭ دەسمايىسى يالغانچىلىق.

دەريا بويىغا ئاپىرىپ، سۇغارماي ئەكىلىپتۇ.

ئېشىكىم كوۋرۇكتىن ئۆتكىچە نەزرە.

ئىتمۇ ھەپتە يالغان قاۋايدۇ.

كورگەن ئاڭلىغاننى يېڭىپتۇ.

كۆزۈڭ بىلەن كوردۈڭمۇ؟
قۇلاق ئاڭلىغان يالغان.

كۈننى ئىتەك بىلەن ياپقىلى بولماس.

لايدىن ياسىغان خام كوزا سۇغا چۈشسە ساق چىقماس.

لولى قولدىن ئالدۇ، ئوغرى يولدىن.

مېڭىشى ئوزگەرگەن بىلەن مىڭىسى ئوزگەرمىگەن.

مۈشۈك گوشكە بويى يەتمىسە، روزا تۇتتۇم دەر.

ئوسۇغاققا ئارپا نېنى بانا.

راستلىقى ئاز كىشىنىڭ دوستلۇقى ئاز.

راستلىق — ھەقلىق.

راستنى كورسە يالغان قاچىدۇ،
يولۋاسنى كورسە تايغان قاچىدۇ.

رەمچىنىڭ رىمىدىن ئۆزەڭنىڭ خىيالى دۇرۇس.

سالاغا كەتكەن قىرىندىدىشىم.

سوزۇڭ توغرا بولسا، هورمىتىڭ كوپ بولار.

توغرا ئېيتقان تۇققىنىغا يارىماپتۇ.

توغرا سوزنىڭ توقمىغى بار.

توغرا سوز تاش يارار،
ئەگرى سوز باش يارار.

ئۇسۇل ئوينىيالمىغان قىزغا ئوينىڭ تارلىغى بانا.

يالغان ئېيتساڭ تۇتۇلىسەن،
راست ئېيتساڭ قۇتۇلىسەن.

يالغان گەپ چاپسان تارقىلار.

يالغانچىنى سوزىدىن بىل،
سوزىدىن بىلەلمىسەڭ، كوزىدىن بىل.

يالغانچىنىڭ راست سوزىمۇ يالغان.

يالغانچىنىڭ يالغىنى چىققىچە قوغلا.

يالغانچىنىڭ قۇيرۇغى بىر تۇتام.

يالغانچىنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرسىمۇ ھىچكىم ئىشەنمەس.

يالغانچى يالچىماس،
ئوغرى بېيىماس.

ياغاچ قازاندا ئاش بىر پىشار، ئىككى پىشماس.

يۇز ئاڭلىغاندىن بىر كورگەن ئەلا.

ھارام ھارامغا كېتەر،
ھالالنى زايا ئېتەر.

ھەسەلنىڭ قىلىنى ئىلغايدۇ،
ھۆپۆپنى يوقىدىماي يەيدۇ.

ھەقنىڭ رىسقى نەق.

ھەق سوز ئاچچىق بولار.

قىزىڭنى ئالغىچە قىرىڭدىن ئۆتەي،
ئالغاندىن كېيىن جېنىڭدىن ئۆتەي.

قول يەتمىگەن شاپتۇل ئاچچىق.

قۇرۇق چاقماقتىن ئوت چىقىرىپتۇ.

قوشنى يەم بىلەن ئالدايدۇ،
كىشىنى گەپ بىلەن (ئالدايدۇ).

قۇيرۇق كۆرسىتىپ، ئۆپكە سېتىپتۇ.

قەسەمخورنىڭ ئۆمرى قىسقە

ئەگرى كىشى ئازىدۇ، توغرى كىشى ئوزۇدۇ.

ئەگرىنىڭ سايىسىمۇ ئەگرى.

ئۆدەككە سۇ يۇقماس.

ئۆزەم يالغانچى ئەمەس، يارىغىم يالغانچى.

ئۆزەڭ ئەگرى بولساڭمۇ، گېپىڭ تۈز بولسۇن.

## 11. كەمتەرلىك، تەكەببۇرلۇق ۋە ماختانچاقلىق توغرىسىدا

ئالتە تەڭگەم بار، ئات ئالىمەن،
يەتتە تەڭگەم بار، نار ئالىمەن.

ئات مىنىپ، ئاتامغا باقمىدىم.

ئاتتىن چۈشسە، ئۈزەڭگىدىن چۈشمەس.

ئاشنى سىڭگەندە ماختا،
خوتۇننى ئۆلگەندە.

ئاز سۆتلۈك ئىنەك كوپ مورەيدۇ.

بار ماختانسا ئىچىلىدۇ،
يوق ماختانسا چىچىلىدۇ.

بار ـ يوقنى بىلمەيدۇ،
ھەسەل تارتىدۇ كوڭلۈم.

بىر مىسقال دۆلەتنى كۆتىرىش ئۈچۈن،
مىڭ مىسقال تەمكىنلىك كېرەك.

بۇقىلى ھوكىرەتكەن ئىككى تاشقى.

ھەرسە يىمەس، تاپسا قويماس.

دام ئۇرغىلى يات يەر ياخشى.

دىمىغى ئۈستۈن ئازگالدا ئۆلەر.

دۇمباقنىڭ ئاۋازى يوغان، ئىچى قۇرۇق،
ماختانچاقنىڭ گېپى يوغان، مېغىزى يوق.

خورىگى چوڭنىڭ تۇمشۇقى ئىلمەك.

ئېگىلگەنگە ئېگىل، بېشىڭ يەرگە يەتكىچە،
كېرىلگەنگە كېرىل، بېشىڭ كۆككە يەتكىچە.

ئېتى ئۇلۇغ، سۇپرىسى قۇرۇق.

ئىككى نان تاپسا، بىرىنى داپ چاپتۇ.

كىچىك پېئىل بولساڭ، كىچىكلەپ كەتمەيسەن.

كەڭ ئېرىقتىن ئاتلىما،
پۈتۈم قايرىلدى دېمە.

كۆلەلمىگەن ھالىڭغا ھىجايما.

ماختانچاق ــ بىكارچىغا ئويۇنچۇق.

ماختانغانىڭ ئۆيىگە بارما،
كېرىلگەنىڭ تويىغا (بارما).

ماختىغان قىز مالخايغا چىقىرىپتۇ.

مېۋىلىك دەرەخنىڭ بېشى تۆۋەن.

موزاي قوزۇققا چوڭلۇق قىلار.

مەنمەنلىك ــ شەيتانلىق.

مەغرۇر قوشۇن مەغلۇپ بولار.

مۈشۈكنىڭ پۇلى يوق، گۆشكە ئامراق.

ئورۇق ئۇيغا يوغان مۈڭگۈز.

پىت يېتىش، مىرزا قوپۇش.

پۇتكەن ئىشقا ئىگە تولا،
ئۇرۇشتىن كېيىن باتۇر تولا.

چوڭ بولساڭ، كىچىك بول.

سېمىزلىك ھايۋانغا ياردىشار.

سەللە يوغان، باش كىچىك،
داستىخان يوغان، نان كىچىك.

سەللە يوغان، ئىمان يوق،
دەرۋازا يوغان، بىر نان يوق.

تىلدىن كەلگەن قولدىن كەلسە، ھەر كىم پادىشا بولار.

تىزلەشكەننىڭ تىزىنى پۇك،
بەللەشكەننىڭ بېلىنى (پۇك).

توكۇر ئاتقا تومۇر تاقا،
ئەسكى چاپانغا سوسەر ياقا.

يېنىدا بىر پۇلى يوق، توگىنىڭ چىشىنى ساناپتۇ.

يىگىتلىككە ھەشەم كېرەك،
ھاجىلىققا ھەرەم (كېرەك).

يىرتىق توشۇكتىن كۇلەر،
چومۇچ قازاندىن.

يورغا مىنگەن يولدا قاپتۇ.

يوتقانغا بېقىپ پۇت سۇن.

يوقالغان نەرسىنىڭ ماختىشى كەم.

يوق چاغدا يوغان گەپ.

ھالىڭغا بېقىپ ھال تارت،
خالتاڭغا بېقىپ ئۇن (تارت).

ھالغا بېقىپ زىكىر، داپقا بېقىپ سەلەم.

ھارۋىنى ئات تارتىدۇ،
كولەڭگىسىنى ئىت (تارتىدۇ).

ھەيدىگىنىڭ ئالتە ئوشكە،
ئۇشت ـ ئۇشتۇڭ ئالەمنى ئالدى.

قازىنىڭنىڭ قايىنىشىغا باق،
بالاڭنىڭ ئوينىشىغا (باق).

ئوكۈز بىلەن باراۋەر بولىمەن دەپ،
پاقا يېرىلىپ كېتىپتۇ.

ئويۇمدە زاغرام يوق، ئېتىم ماجان بۇۋى.

ئوزىدىن خورىگى چوڭ.

ئوزىنى ماختىغان بىرىنچى ئەخمەق،
خوتۇنىنى ماختىغان ئىككىنچى ئەخمەق

ئوزەمنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىپتىمەن،
پالاسقا يوگىنىپ ھەپتە يېتىپتىمەن.

ئوزەمنىڭ راست دىگەن كوپنى كورمەيدۇ.

ئوزەڭنى چاغلا، بىلىگىڭنى باغلا.

ئوزەڭنى ئەر چاغلىساڭ، باشقىنى شىر چاغلا.

دۈستۈن بېقىپ تۈكۈرسەڭ،
يېنىپ چۈشەر يۈزۈڭگە.

## 12. ھوٗشيارلىق، ئېھتىياتچانلىق ۋە بىپەرۋالىق توغرىسىدا

ئارسلاندەك كۆچۈك بولسۇن،
تايغاندەك ھوٗشۇك (بولسۇن).

ئاسمان بىسەۋالسا، ئاستىدا يېتىپ مانتا يەر.

بالام بېشىغا چۈشمىسۇن
تاختا بېشىدىكى چوت.

بالا ـ قازا دەرەخ بېشىدا ئەمەس، ئادەم قېشىدا.

بالا ـ قازا كوررۇنۇپ كەلمەس،
پۇت ـ قولىنى ساڭگىلىتىپ.

باش كەتسە كەتسۇن، سىر كەتمىسۇن.

بىر سىرلىق بول،
سەككىز قىرلىق بول.

بورىنىڭ خىرىس قىلغىنىدىن،
تۈلكىنىڭ ھىجايغىنى يامان.

بورە يۈگىنى پاخپايتىپ،
ئورۇقلۇغىنى بىلدۈرمەس.

بۈگۈن ئوتسە، ئەتىگە خۇدا پادىشا.

دەريا تېشىپ كەتسە، ئۆدەكنىڭ نىمە ئىشى.

دۈشمەندىن ھەزەر قىلغىن،
ھورۇندىن بىزار بولغىن.

ئېشەك ئولسە، كوتى غىجەك چاپتۇ.

خوشال بولغاندا كوزگە پالاكەت كورۇنمەس.

ئىچ سىرىڭنى ئاتاڭغا ئېيتما.

ئىتنىڭ كوڭلى سوڭەكتە.

ئىت يېنىدا سوڭەك ياتماس،
سوڭەك ياتسا، بىكار ياتماس.

ئىت يەپتۇ چورۇقنى،
ئۆزى يۇرۇپتۇ چورۇقسىز.

جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا.

كىشىلەر ھاڭۋاقمايدۇ،
سىنىڭ ئىزىڭغا باقىدۇ.

كوزا كۈندە سۇنماس، كۈندە سۇنار.

كوزگە ئىلمىغان پۇتقا چوماق.

لايغا ئوتمىگەن پىچاق قولغا ئوتەر.

ئوت بىلەن ئويناشما.

ئويلىمىغان يەردىن تۈلكە چىقار.

ساقلىققا خورلۇق يوق.

سۈت ئىچىپ ئاغزى كويگەن قېتىقنىمۇ پۈلەپ ئىچەر.

نادان تۈلكە تۇمشۇغىدىن ئىلىنار.

تاياق تەككىچە بېشىڭنى تارت.

توگىنىڭ مازار بىلەن ئىشى يوق.

ئۇ يانغا باق، بۇ يانغا باق،
ئەتىگەن تۇرۇپ خوشناڭغا باق.

شەھەردە كوز كېرەك، جاڭگالدا قۇلاق.

غەمسىزنىڭ پەرۋايى پەلەك.

هارۋا بۇرۇلۇشتىن ئاۋال غىچىرلايدۇ.

قاتتىق ياغاچنى يۇمشاق قۇرۇت يەيدۇ.

قارغۇ هاسىسىنى بىر قېتىم يوقىتار.

قاشا مەھكەم بولسا، تۇلكە كىرەلمەس.

قازا دىگەن قاش ـ كىرپىكنىڭ ئارىسىدا.

قېرى قۇشقاچ كىپەككە ئالدانماس.

قىيىسقىقا كەمسىتىپ قارىما، كوزۇڭگە قادىلار.

قومۇشنى قىيا تۇتساڭ، قولۇڭنى كېسەر.

قويچى كېچىك ئىزلىگىچە، توگىچى سۇدىن ئۆتۈپ بوپتۇ.

قۇش قېرىپ تورغا چۈشمەس،
ئەر قېرىپ قولغا (چۈشمەس).

ئەگلەككە چىقىپ، ئەرگە تېگىپتۇ.

ئەگرى تاياقنىڭ ئۆچى بۇرنۇڭنى يارار.

ئەر يېگىلىپ قولغا چۈشەر،
قۇش يېگىلىپ تورغا (چۈشەر).

ئۆدەك گوشى يىسەڭ، غازنىڭ پېيىدە بۇل.

ئوتمەس پىچاق قول كېسەر.

ئوزەڭنى مەھكەم تۇت،
خوشناڭنى ئوغرى تۇتما.

## 13. ئىقتىساتچىللىق ۋە ئىسراپچىلىق توغرىسىدا

ئالتە ئۇشكىگە يەتتە تىپكە.

ئاسقىدا گوش بولسا، بىر كۈنى مېھمانغا ياراپتۇ.

ئات ئايىغان ئات مىنەر،
كىيىم ئايىغان تون كىيەر.

ئات تاپقىچە ئېشەك مىن.

ئاشنى بۇزۇپ ئۇماچ قىلدى،
نانىنى بۇزۇپ كومەچ (قىلدى).

ئاش قەدرىنى بىلمىسەڭ،
ئاچلىق بەرسۇن جازاڭنى.

ئايىساڭ ئۇتىسەن،
يامىساڭ پۇتىسەن.

ئاز بولسۇن، ساز بولسۇن.

ئازغا بەرىكەت قونغان.

باردا پولدۇرۇك — پولدۇرۇك،
يوق چاغدا قاراپ ئولتۇرۇك.

بار دەپ توكمە، يوق دەپ كوپمە.

بىر تال باش — بىر قوشۇق ئاش.

بولسا چىلىق — چىلىق،
بولمىسا قۇرۇقچىلىق.

ئىككى يارتا — بىر پۈتۈن.

ئىسراپچىلىق نەدە؟
پېشانىسى تەرلىمىگەن يەردە.

ئىسراپ قىلىش — خاراپ قىلىش.

جېنى ئاغرىمىغاننىڭ يېنى ئاغرىماس.

كېرەكلىك تاشنىڭ ئېغىرى يوق.

كىرەكسىز نەرسە ئەرزان بولسىمۇ قىممەت.

كوپ بولسا كىتەر،
ئاز بولسا يىتەر.

كوپ بولسا چوپ بولار.

ئوسمايلامنىڭ ئون كوينىگى بار،
بىر كوينەكچىلىك ۋەسلى يوق.

ئوت، سامان — ئوزۇق، تالقان.

ئوتۇن يىغدىڭ — كۇل يىغدىڭ،
ئوت — چوپ يىغدىڭ — پۇل يىغدىڭ.

ئويساڭ ئون كۇن يىتەر،
قىرساڭ قىرىق كۇن (يىتەر).

پۇرۇچتىن پوستەك پۇتەر.

سانى بار، ساپاسى يوق.

ساقلىساڭ يۇز كۇنلۇك،
ساقلىمساڭ بىر كۇنلۇك.

سۇ قاتتىق يەردە توختايدۇ.

تاما ـ تاما كول تولار.

تاغارنى تۇۋدە ئايىغىچە، ئاغزىدا ئايا.

تۇتۇنى كوپ، يالقۇنى ئاز.

يامىساڭ يېڭى بولار،
يېڭىنىڭ تېڭى بولار.

ياندا هېسىپ بولسا، يىگىلى ياراپتۇ.

ياندا قويساڭ ئوتتۇز تەڭگەڭ توققۇز بولار،
يانىڭدا قويساڭ توققۇز تەڭگەڭ ئوتتۇز بولار.

يېڭىنى ئايىغان كونا،
كىگىزنى ئايىغان بورا.

يەپ نىمەڭ قالدى؟
ئىككى تال ئۈزمەڭ.

# 14. ئۇيات ـ نومۇس توغرىسىدا

ئادەمنى نومۇس ئۆلتۈرەر، توشقاننى قومۇش.

ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق،
ئۆلەي دىسەم جان تاتلىق.

ئاغرىقنى بۇس ئۆلتۈرەر، يىگىتنى نومۇس.

بىر قارنىم ئاچتىن ئۆلمەس.

دەشنام يىگىنىم — بەش نان يىگىنىم.

ئىتنىڭ چىشلىگىنى ھامۇ،
ئېشەكنىڭ تەپكىنىمۇ؟

ئىزا تارتقىنىم — غىزا تارتقىنىم.

ئىزا — ئۆلۈمدىن قاتتىق.

كىشىدىن ئۇيالغىچە، ئۆزەڭدىن ئۇيال.

كىشىدىن ھايا كەتسە، ئورنىغا بالا كېلەر.

كىشىنىڭ ئىشىنى يىسەڭ، تىلىڭ قىسقىرار.

كىشىگە قىلغان ئىزا—
خانىمدىن بىزار.

ئۇياتسىز خوتۇن — تۇزلىمىغان ئاش.

ئۇياتسىز مۇشۇككە قازناقنىڭ ئىشىگى ئوچۇق.

ئۇيات تۇرغان يەردە ئىمان تۇرار.

شەھەر ئالىمەن دەپ، شەرمەندە بولۇپتۇ.

يامان ئاتاق بىلەن يۈرگەندىن،
ياخشى ئاتاق بىلەن ئۆلگەن ئەۋزەل.

يۈزۈمنىڭ قېلىنلىغى — جېنىمنىڭ راھىتى.

ھاقارەتلىك تۇرمۇشتىن،
ساداقەتلىك ئۆلۈم ياخشى.

قېلىنلىق — يېرىم دۆلەت.

ئەرنىڭ سۆزى ئۆلگىچە، ئۆزى ئۆلسۇن.

ئەرنىڭ ئۇيالغىنى — ئۆلگىنى.

ئۆلۈشتىن قورقما، ئۆلەمەن بولۇپ ياشاشتىن قورق.

## 15. سەۋر-تاقەت، چىدام غەيرەت ۋە ئالدىراڭغۇلۇق توغرىسىدا

ئادەمنىڭ ئادەملىگى ئاچچىغى كەلگەندە بىلىنەر.

ئالدىرىماڭ، ئاستا كېلەر،
تېڭىرقىماڭ، تاڭلا كېلەر.

ئالدىرىماڭ يارەي،
سىزگە قويغان بارەي.

ئالدىرىساڭ كىشى كۈلدۈرىسەن.

ئالدىرىساڭ ماڭا باق.

ئالدىرىغاندا ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپتۇ.

ئالدىرىغاندا دوڭگە موكۇپتۇ.

ئالدىرىغاندا ئېرى خوتۇنىغا تازىم قىلىپتۇ.

ئالدىرىغاندا لەبەي تېپىلماس.

ئالدىرىغاندا ناخشا ئېيتىپتۇ.

ئالدىرىغاندا قارغۇدىن يول سوراپتۇ.

ئالدىرىغاندا قولىدىكىنى قىرىق قېتىم ئىزلەپتۇ.

ئالدىرىغان ئىشقا شەيتان ئارىلىشار

ئالدىرىغان مۇرادىغا يەتمەس.

ئالدىرىغاننىڭ ئايىغى كويۇپتۇ.

ئالدىرىغاننىڭ ئېشىكى يېنىۋاپتۇ.

ئالدىرىغاننىڭ ئوشۇغى تېيىپتۇ.

ئالدىرىغان يولدا قالار،
ماڭمىلىغان ئۆيگە بارار.

ئالدىرىغان قىز ئەردە يالچىماپتۇ.

ئالدىرىغان ئۆدەك ئارقىسى بىلەن چومۇلەر.

ئاچچىقنىڭ دورىسى — سۈكۈت.

ئاچچىق يۇتماق — تاغ يۇتماق.

ئات كەينىگە مىنگەشمە،
مىنگەشكەندىن كېيىن ئىندىمە.

ئاتنىڭ تەپكىنىگە ئات چىدايدۇ.

ئات ئورۇق، يول تايغاق،
يۈك ئېغىر، مەنزىل يىراق.

ئاۋايلىماي ئۇرۇۋىدىم،
ئاغرىماي ئۆلۈپ قالدى.

ئاغزى كويگەن پۈلەپ ئىچەر.

بارمايمەن دىگەن تۆگمەنگە يەتتە قېتىم بېرىپتۇ.

بىر كۈن ئالدىرىغاندىن قىرىق كۈن ئەقىل سورىما.

بىر قالغاچ كەلمەك بىلەن باھار بولماس.

بۇ ئالەم — ئۇزۇن ئالەم.

بەش قول ئېغىزغا سىغماس.

مەيدىسىنى چىقارغىچە، مۇشت تەڭلەپتۇ.

ئوت بار يەردە تۈتۈن بار،
سۇ بار يەردە پېتىق (بار).

ئۆيۈننى چىدىغانغا چىقارغان.

ئوغۇل بالا ئوغا يەپ سىڭدۈرەر.

پىتنىڭ ئاچچىغىدا چاپاننى ئوتقا ساپتۇ.

پىشمىغان تويغا قازان ئاسقىلى بولماس.

چىۋىن قونسا غىڭشىيسەن،
كاللەك تەگسە جىم.

چوجىنى كۈزدە ساناڭ.

چوچۇرىنى خام ساناپتۇ.

سانىماي سەككىز دىمە.

سۈنى كورمەي ئۈتتۈك سالما.

سەۋرى— ئەقىلنىڭ بەلگىسى.

سەۋرىنىڭ تۈۋى سېرىق ئالتۇن.

سەۋرى قىلساڭ غورىدىن هالۋا پۈتەر.

سەۋرى قىلغان مۇرادىغا يېتەر.

سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۈرۈچ دەم يەپتۇ.

تامچە تاشنى تېشەر.

تېز كەتكەن تېز توختار.

توشقان تېرىسى ئۈچ كۈن چىدار.

تۈتقان يەردىن ياغاچ سۇنماس.

تەمتىلىگەن تام سېپىلار.

تۈگمەننىڭ نوردىن پۈتۈن چىقىپتۇ.

ئەيتىشىڭغا هاي بەر.

ياز بار، قىش بار، ئالدىرىماڭ، ئىش بار.

يۈگۈرگەن قالار، بۆيرۈغان ئالار.

غۇلاچقا چىداپ، غېرىچقا چىدىساپتۇ.

غەيرىتىڭ بولسا يۇلتۇز سانايسەن.

غەيرەتلىك ئەردىن تاغ قېچىپ قۇتۇلالماس.

ھە دىسە، ھۇ دەيتىمەن،
قۇرۇق دۇمباققا ئىگە بوپتىمەن.

ھەرنىڭ چاققىنىغا چىدىغان ئادەم ھەسەل يەيدۇ.

قازاغا رىزا، بالاغا سەۋىر.

قىيىن ئىش يوق ئالەمدە،
غەيرەت بولسا ئادەمدە.

قىز تەرەپتىن خەۋەر يوق،
ئوغۇل تەرەپ ناغرا چاپتۇ.

# 16 . ئارزۇ ــــ ئۈمىت ۋە ئىشەنچ توغرىسىدا

ئادەمنى ئۈمىت ياشىتىدۇ، غەم قاخشىتىدۇ.

ئادەم ئۆلمەس، رىسقى تۈگىمەس.

ئالتۇن بىشىك ئامان بولسا،
ئالتۇن قاچىدا سۇ ئىچەرسەن.

ئارمان كوپ، دەرمان يوق.

بېشى باش بولسۇن،
پاقالچىقى تاش (بولسۇن).

بىر ئارزۇ ئون ئارزۇنى تۇغىدۇ.

بىر خار بولغان بىر ئېزىز بولماي قالماس.

ئېشەك دەيدىكەن: جېنىم ئامان بولسا، دەريادىن سۇ ئىچەرمەن.

خۇدا كەچ قويسا قويار، ئاچ قويماس.

جان بولسا جاهان،
ئاش بولسا قازان.

كېتسەمەن دەپ ئوتۇقنى ئوچۇرمە.

كورۇنگەن تاغ يىراق ئەمەس.

كوڭلۇكنى بۇزما، ئۈمىدىڭنى ئۈزمە.

ئوتتۇز كۈن روزىنىڭ بىر كۈن ھېيتى بار.

چۈشلۈك ئومرۈڭ بولسا، كەچلىك ئوزۇق تاپ.

سۇ ئاققان ئېرىقتا يەنە سۇ ئاقار.

تاي ئات بولغىچە، ئەر مات بولار.

تاينى باقسا ئات بولار،
بورىنى باقسا يات بولار.

تىرىككە ئوي تېپىلار، ئولۈككە گور.

تۇغماس خوتۇن شۇمەك يىغىپتۇ.

يىغلىماقنىڭ كۆلمىگى بار.

"يوق" نى "كېرەك" تاپىدۇ.

قۇلاق ئاڭلىغاننى كوز كورەر.

ئەرنى ئۈمىتكە ياراتقان،
قوينى قۇرۋانلىققا (ياراتقان).

ئولمىگەن جاندا ئۈمىت بار.

ئوچەر چىراقنىڭ يورۇغى يوق.

ئۈمتۈلگەن ئەرگە دەريا ئوشۇغىغا كەلمەس.

ئۈمىتسىز — شەيتان.

## 17. قەدىر ـ قىممەت ۋە ئىززەت ـ ئابروي توغرىسىدا

ئابروينى ئالتۇنغا ئال،
جاننى كېپەككە سات.

ئابرويۇم ئالا چاپان.

ئاخىرى مەن نىمە بولدۇم،
سېسىق كولنىڭ سۇيى بولدۇم.

ئالتۇننىڭ پوقىمۇ پاقىرايدۇ.

ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلەر.

ئالتۇن چىققان يەر قەدىرلىك.

ئاتىغى يوق ئەردىن ئوت ـ چۆپى يوق دۆڭ ياخشى.

ئات ئورنىغا ئېشەك باغلىما.

ئاش قەدرىنى يىگەن بىلمەس، تاپقان بىلەر.

بېشى بارنىڭ بوكى بار.

بېشىدا بارنىڭ قېشىدا بار.

ئېرىقتىكى سۇنىڭ قەدرى يوق.

پۇلنىڭ قەدرىنى ھاجى بىلەر،
قانىنىڭ تەمىنى سالجا (بىلەر).

ئېتىنىڭ ھارسا ئابرويۇڭ كېتەر،
قارنىڭ ئاچسا قەدرىڭ كېتەر.

ئېزى ھەسەل، تولىسى بىمەسەل.

گوھەرنى تاشقا ئۇرما.

گۈل — ئېچىلغان يېرىدە ئېزىز.

گۈلزارلىقتا ئەتىرنىڭ قەدرى بولماس.

ئېگىسى ئۇلسە، بىر كىشى يىغلاپتۇ،
ئېتى ئۇلسە، مىڭ كىشى.

ئىرغايدەك چۈۋىق بار،
لاچىندەك يىگىت (بار).

ئىت بىلەن سايە تالىشىپتۇ،
موشۇك بىلەن تور.

ئىززىتىنى بىلمىگەن ئەدىۋىنى يەر.

ئىززەت قىلساڭ ئىززەت كورىسەن،
چايناپ يىسەڭ لەززەت كورىسەن.

كېيىن كەلگەن تورگە چىقىپتۇ.

كىشى كىشىنى خار كورۇپتۇ —
ئاقىۋەت ئۆزىنى خار تۇتۇپتۇ.

كىشىنىڭ هورمىتى ئۆز قولىدا.

كورمىدىڭمۇ قومۇشنى،
يەرگە چۈشسە بورىيا.

مالدا مال بار، ئادەمدە ئادەم.

ئوق ئاتما، كوڭۈل ساتما.

پىلىنىڭ ئومرىگە چىشىنىڭ قىممەتلىكى سەۋەپكار.

پۇل بېرىپ يۇرت تالاش،
ئاش بېرىپ تور تالاش.

چولدە يۈرگەن دوغداق
كول قەدرىنى بىلمەيدۇ.
كولدە يۈرگەن ئودەك
چۆل قەدرىنى بىلمەيدۇ.

سۇنىڭ قەدرىنى قۇدۇق كولىغان بىلەر.

سۇتلۇك ئىنەك مەھەللىدىن ئاشماس.

تاش — چۈشكەن يېرىدە ئېغىر.

تىرىك بولۇپ ساندا يوق،
ئولۇك بولۇپ گوردە (يوق).

تىرىك ئىززەتكە تويماپتۇ،
ئولۇك دۇئاغا (تويماپتۇ).

تۇتسا سىپى يوق،
قىچقارسا ئېتى (يوق).

تۇشۇك مونچاق يەردە ياتماس،
يەردە ياتسا تۇپا باسماس.

ياخشىنىڭ قەدرىنى يامان بىلمەس.

يامانىنى كورمەي، ياخشىنىڭ قەدرىگە يەتمەس.

يامغۇرنىڭ قەدرىنى تاش بىلمەس.

ياندىكى كاسىپنىڭ قەدرى يوق.

يىراقتىن قارىسام، ئەلدىن ئارتۇق،
يېقىندىن قارىسام، ھاشىم تاتۇق.

ھالۋىنى كوپ يىسە زاڭ تېتىيدۇ.

ھەسەلنى كوپ يىسە، ئەمەن تېتىيدۇ.

ھورمەت قىلساڭ، ھورمەت كورىسەن.

قارنىم ئۇچۇن يىغلىمايمەن،
قەدرىم ئۇچۇن يىغلايمەن.

قەدىرسىز ياشىغىنىڭدىن،
قەدىرلىك ئولگىنىڭ خوپ.

ئەلدە ئابرويۇڭ بولسا،
چولدە يۇكۇڭ قالماس.

ئەرنىڭ ئەرى بار، يەرنىڭ يېرى.

ئەتلەس — سۇغا چوكمەس.

ئولۇشىگە قاراپ كومۇش.

ئوزى تاپمىغان مالنىڭ قەدرى بولماس.

ئوزەڭنى خار قىلىپ يۇرگىچە، تاغ ئارىلاپ يۇر.

# 18 . بەخت-تەلەي ۋە تەۋەككۇلچىلىك توغرىسىدا

ئاداشقانغا ياماشقان.

ئامەت كەلسە، ئىشىك، تۈڭلۈكتىن كىرەر.

ئامەت كەلگەندە قاپمۇ تولىدۇ، خۇرجۇنمۇ.

ئامەتنىڭ شىشىسى تۆمۈرچىنىڭ سەندىلىنى سۇندۇرار.

ئاسماندىن تاۋار ياغسا، تۇمار قىپىي تەگمەپتۇ.

ئانامنىڭ ئولگىنى ئانامغا ياراشتى،
چەلپىگىنى ئىتلار تالاشتى.

ئاياق تەگدى، بالا تەگمىسۇن.

بار پۇلۇمنى ئوغرى ئالدى، قالغىنىنى رەمچى.

Altunoq

بىتەلەيگە سۇ كەلسە، ئاللاكۇ①دىن يار كېتىپتۇ.

بىتەلەي ئالقان يىسە، قارىنىدىن بوران چىقىپتۇ.

بىزگە كەلگەندە سايىنىڭ سۈيى توختاپتۇ.

بولسا — سۇلۇق، بولمىسا — بىنەم.

— بەخت، نەگە بارىسەن؟
— دوقىماڭلايغا.

بەختسىز قىز تېزەك تەرگىلى چىقسا،
كالىلار سۇغا تېزەكلەپتۇ.

دەرت كەلسە جۇپ، دولەت كەلسە تاق.

دولەت كەلسە قوش كەپتۇ، بالا كەلمىسۇن.

ئېپى كەلسە، سېپى ئۆزىدىن چىقار.

خۇدا بەرسە، پەيغەمبەر غىلىڭ قىلالماپتۇ.

خۇدا كوزدىن ئايرىسىمۇ، ھاسىسىدىن ئايرىماس.

---

① ئاللاكۇ — قەشقەرنىڭ بىر يېزىسى.

كالا ئۆلدى، چوپى قالدى.

كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ؟

مىلتىقسىز يۈرگەندە كىيىك ئۇچراپتۇ.

مەن قىلارمەن ئوتتۇز،
خۇدايىم قىلار توققۇز.

ئۆيلىمىغان كىشى بۇيرۇمىغان ئاشتىن ئىچەر.

پەلەككە ئالدىنىپ خەمەكسىز قاپتۇ.

رەختى بارنىڭ بەختى يوق،
بەختى بارنىڭ رەختى يوق.

رەختىڭگە ئىشەنمە، بەختىڭگە ئىشەن.

سايدا تاش تېپىلماپتۇ، ئاختامىدا داڭگال.

تاللاپ ـ تاللاپ تازغا ئۇچراپتۇ.

تاشقا چاچ، بەختىڭدىن كور.

تەۋەككۇل دەرياسىغا سالغىن كىمەڭنى،
خاھى ئاقسۇن، خاھى چوكسۇن، غەم يىمە.

تەۋەككۇلنىڭ بىر ناخشىسى ئارتۇق.

يا قاينامدىن چىقسۇن، يا سايرامدىن.

يىقىلغان تام دىۋانىنى بىسىپتۇ.

هەجەپ كەلدى تىپىلىپ،
ئىلمىگىمگە سىپىلىپ.

قازا ئىككى، ئولۇم بىر.

ئەر بىشىغا كۇن چۇشسە،
ئوتۇك بىلەن سۇ كىچەر.

ئەرگە بىر نوۋەت. يەرگە بىر نوۋەت.

ئەتىگەن ئوڭمىغان كەچ ئوڭماس.

ئولەر ئوكۇز ئولىدى،
بار كىپەكنى يەپ ئولدى.

## 19. ياشلىق ۋە قېرىلىق توغرىسىدا

ئادەمنىڭ كىچىكى بولغىچە،
ئىتنىڭ كۈچۈكى بول.

ئادەم قېرىسا كۆڭلى قېرىماس،
سوگەت قېرىسا، يىلتىزى (قېرىماس).

ئەخمەق بىلمەس ئېتىنىڭ ھارغىنىنى،
كوسا بىلمەس ئۆزىنىڭ قېرىغىنىنى.

ئالدىمىقىقا كىچىك بالا ياخشى،
خۇدا ئۇرسۇن قاقۋاشنى.

ئاتمىشقا كىرگەن ئاتىدىن ئەقىل سورىما.

بالا بولسا شوخ بولسا،
بولمىسا يوق بولسا.

بالا — قىلغان ئىشى چالا.

بالا قۇچاقتىكى چاغدا سويدۇرەر،
ئۇسكەن چاغدا كويدۇرەر.

بالا قۇش ئۇچقۇشنى بىلەر، قونۇشنى بىلمەس.

بالىنى ئىشقا بۇيرۇپ، كەينىدىن ئۇزەڭ چاپ.

بىر پۇتى يەردە، بىر پۇتى گوردە.

بىر چوڭنىڭ گېپىگە كىر، بىر كىچىكنىڭ.

بۇرۇنقا خاپا بولسام، ساقال چىقتى.

AltunOq

بۇقا قېرىسا، بۇرنى قېرىماس.

بورە قېرىسا، ئىتنىڭ كۇلكىسى كېلەر.

بورە قېرىسىنى ئالدايدۇ.

بوشۇك بالىسى — بەگ بالىسى.

داۋاسىز دەرت بولماس،
ھەسرەتسىز قېرى (بولماس).

گۇلۇك بار چاغدا گۇلۇكنى قىس،
گۇلۇك توزۇغاندا كوتۇكنى قىس.

خام بىلەن پىششىق تەڭ بولماس.

كالىلار سۇ ئىچسە، موزايلار مۇز يالايدۇ.

كوپ قىرىنىڭ ئىچىدە بىر بالا بولسا، دانا بولار،
كوپ بالا ئىچىدە بىر قىرى بولسا، بالا بولار.

موماي مومايىنى ئاپا دەپتۇ.

موماينىڭ كوزى ئوسمىدا،
گادايىنىڭ كوزى پوسمىدا.

موزاي سامانلىقنى بوشىتار،
كىچىك بالا نان ساندۇغىنى.

مەنمۇ ئىدىم سىنىڭدەك،
سەنمۇ بولارسەن مىنىڭدەك.

مەنمۇ چوڭ بولارمەن،
تامغا تىزەك ياقارمەن.

ئوغۇل بالا ئـوتتۇزغا كىرگـەندە، بىر ئارغىـماق توقۇغلۇق.

پاقىنىڭ كېرىلگىنى يىلانغا ئوخشىماس،
مومايىنىڭ ياسانغىنى جۇۋانغا ئوخشىماس.

چوڭ بېشىنى ئاچسا، كىچىك كوتىنى ئېچىپتۇ.

چوڭ توقاچ يېشقىچە، كىچىك توقاچ كويۇپتۇ.

چوڭغا چوڭچە، كىچىككە ئوڭىچە.

ساقىلىنى ساتقان قېرىدىن،
ئەمگىكىنى ساتقان بالا ياخشى.

تام تۇۋىدىن، دەرەخ ئۇچىدىن، ئادەم ئىـچىدىن قېرىيدۇ.

تېرىق قۇلىغىدىن مەلۇم، بالا كىچىكىدىن.

ياش كېتىمەن دەپ قورقۇتار،
قېرى ئولىمەن دەپ.

ياشلىقىڭدا ئىشلە،
قېرىغاندا چىشلە.

ياش ۋاقتىدا ياخشىلىق قىلمىغان،
قېرىغاندا قاتتىقلىق كورەر.

ياش قېرىتماس، غەم قېرىتار.

يان يەر — يەر ئەمەس،
كىچىك بالا ئەر ئەمەس.

هاۋانىڭ گۈلدۈرى بار، يامغۇرى يوق،
قېرىنىڭ جۇدۇنى بار، ماغدۇرى يوق.

هەر نەرسە كىچىكىدە تاتلىق.

هەي - هەي بالا، ماڭغان يولۇڭغا قارا.

قاپاق سۇنسا قايغۇ يوق،
قېرى ئۆلسە يىغا (يوق).

قايمۇ تەڭ، قاپچاقمۇ تەڭ.

قېرى ئات چونەك بۇزماس.

قېرى خوتۇن ياش بولدى،
چوكانلارغا تەس بولدى.

قىرى كالا شاپاققا ئامراق،
قىرى ئادەم ئاپپاققا.

قىرى كەلسە ئاشقا،
ياش كەلسە ئىشقا.

قىرلىق بىلەن ئولمەس،
ياشلىق بىلەن تۇرماس.

قىرىنى قاپتا ساقلا، ئولۇگىنى ھەپتە.

قىرىسى بار ئوينىڭ كىتاۋى بار.

قىرىغاندا ئات تىزىگى ئالتۇن كورۇنەر.

قىرىغاندا ئىتىنىڭ تىزىنى كوردۇم.

قىرىغاندا توڭغاق بولار، دوڭغاق بولار، پاڭغاق بولار.

قىرىغاندا قىرى تارتۇق،
قىلىقلىرى ئاندىن ئارتۇق.

قېرىغاندا قىز بولدۇم،
ئالدىرىغاندا ئۇز بولدۇم.

قېرى قۇلاق — ئۇزۇن قۇلاق.

قىز ۋاقتىم — سۇلتان ۋاقتىم،
خوتۇن ۋاقتىم — شەيتان ۋاقتىم.

قوناقلىقتا ماش بولماس،
قېرى كىشى ياش بولماس.

قۇشقاچ قېرىسا، جاڭگالچى بولار،
جۇۋان قېرىسا، يالغانچى (بولار).

ئەر قېرىسا كۈچىدىن قالار،
خوتۇن قېرىسا ئېپىدىن (قالار).

ئۇتكەن ئۇمۇر — ئاققان سۇ.

ئۇتمەيدىغان ئۇمۇر يوق،
سۇنمايدىغان تۇمۇر يوق.

## 20. تازىلىق، سالامەتلىك، كېسەللىك ۋە ئۆلۈم-يېتىم توغرىسىدا

ئاش بار يەردە ئاغرىق يوق.

ئازىلغان ئەي بولماس.

ئاز يەپ، ئاسان تىرىل.

ئاغرىپ ساقايغان جان ئۆلجا،
يوقىلىپ تېپىلغان مال ئۆلجا.

ئاغرىغان چىشنىڭ دورىسى ئامبۇر.

ئاغرىق كىشى كۆلكە سويمەس.

ئاق بولسىمۇ پاك بولسۇن.

بېشىڭنى سالقىن، قوسىقىڭنى توق، پۇتۇڭنى ئىسسىق تۇت.

بىر خىل تۇرساڭ يۇز يىل ئۇمۇر كورسەن.

بىر شاتىراق موزاي پادىنى بۇلغايدۇ.

داۋا كۇچەيسە، پۇلۇڭنى ئالار،
ئاغرىق كۇچەيسە جېنىڭنى (ئالار).

دۇنيادا ئىككى ئۇلۇم يوق،
بىردىن قۇتۇلغان ھىچكىم يوق.

دەرت باشقا، ئەجەل باشقا.

دەرت قورۇغى كېتەر،
ئاچ قورۇغى كەتمەس.

گالدىن ئۇتكەن غەنىمەت.

خېنىمنىڭ قېشىنى كورۇڭ،
تاۋىغىنىڭ تېشىنى (كورۇڭ).

ئىككىگە تۇچنى قوشسا بەش بولىدۇ،
كولچەكنى چاپمىسا لەش بولىدۇ.

ئىشىكنى ئاچ — تىنجىقتىن قاچ.

جان بار يەردە قازا بار.

جان راھەتى تەن بىلەن،
تەن ساقلىغى پەم بىلەن.

كېسەلگە قاراپ دورا،
كاڭغا قاراپ بورا.

كېسەللىك ئېغىزدىن كىرەر.

كېسەلنىڭ كېلىشى ئاسان، كېتىشى تەس.

كىمنىڭ قەيېرى ئاغرىسا، شۇ يەرنى سوزلەيدۇ.

كوزۇڭ ئاغرىسا قولۇڭنى تارت،
قوسىغىڭ ئاغرىسا نەپسىڭنى (تارت).

مىڭ ئولۇكتىن بىر تىرىك ئەلا.

ئون تۇغۇتتىن بىر چۇشۇك يامان.

ئومىنى بولۇم تۇگىتەر،
ئادەمنى ئولۇم (تۇگىتەر).

ئورۇقنىڭ كوڭلى يورۇق.

چاينىماي يىگەن كوشمەي ئولەر.

چىچەكتە چېكىلمىگەن قىزىلدا قىرىلار.

چۈشىن دىگەن مەينەت نىمە،
قونغان نەرسىنى يۇماي يىمە.

چىش ئاغرىغى ئاغرىق ئەمەس،
چىش ئاغرىغىدا ئادەم ئولمەس.

چىش باشقىچە ئاغرىيدۇ، كوز باشقىچە.

چۈش ئۇيقۇسى پادىشالىقتىن ياخشى.

سالامەت تەندە ساغلام ئەقىل.

سامساق — ئۇنى يىگەننىڭ تىنى ساق.

ساپ هاۋا — تەنگە داۋا.

ساق يېرىمنىڭ هالى يوق،
ئاغرىق يېرىمنىڭ تاييىنى (يوق).

تىلىڭ كۈيسە تۈز يالا،
ئىچىڭ كۈيسە مۈز (يالا).

تەنىنىڭ ساقلىقى — جانىنىڭ راھىتى.

تەنىنىڭ ساقلىقى — پادىشالىق.

تەن ساقلىق — تەڭدىشى يوق بايلىق.

يۈزۈڭ كىر بولسا، ئەينەك كىر دىمە.

قان چىقتى — جان چىقتى.

قولۇڭنى يۇيۇپ قولتۇققا ئۇر.

قوساقنىڭ ئاچقىنى — ئەقىلنىڭ قاچقىنى.

قوي ئوز ئايىغىنى پاسكىنا قىلار.

قورۇتنىڭ ئىلاجى قايناقسۇ.

قەيەر ئاغرىسا، جان شۇ يەردە.

ئەجەل كەلسە ئەقىل قاچار.

Altunoq

ئولگەندە يىغلىغىچە، ئولمەستە سەۋەپ قىل.

ئولمەس ئاغرىق، چىقماس جان.

ئولۈككە يىغلىغان ئىسسىت كوزۇم.

ـــ ئولۈك، نەگە بارسەن؟
ـــ بارنىڭ پۇلىنى چاچقىلى،
يوقنىڭ كوتىنى ئاچقىلى.

ئولۈك چىققان ئويدە ئۈچ كۈنگىچە سوز ـ چوچەك.

ئولۈمنىڭ كوزى يوق.

ئولۈمنىڭ چوڭىمۇ ئولۈم، كىچىگىمۇ ئولۈم.

ئولۈپ ـ ئولۈپ ئاز قالدى،
زادى ئىككى تاز قالدى.

## 21 . تىل ۋە گەپ - سۆز توغرىسىدا

ئادەمنىڭ يۈزىگە قارىما، سۆزىگە قارا.

ئادەمنىڭ تەمى سۆز بىلەن،
ئاشنىڭ تەمى تۇز بىلەن.

ئادەم قۇلاقتىن سەمرىيدۇ،
ھايۋان تۇياقتىن.

ئاڭلىغان سۆزنىڭ ئىگىسى يوق.

ئاڭلىغان قۇلاقتا گۇنا يوق.

ئاستا سۆزلىگەن كىشىنىڭ ئامالى كۆپ.

ئاتىلارنىڭ سۆزى — ئۈزۈكنىڭ كۆزى.

ئات كىشنەشكىچە، ئادەم سۆزلەشكىچە.

ئاتقان ئوق يېنىپ كەلمەس.

ئاتقان يەردە ئوق قالدۇ،
چىشقان يەردە پوق (قالدۇ).

ئاۋال ئويلا، ئاندىن سوزلە.

ئاش كەلسە يە، سوز كەلسە دە.

ئايهاي تىلىڭ، تىلىڭ تېگىدە بېزىڭ.

ئاز سوزلە، كوپ ئاڭلا،
ئاز يە، كوپ چاينا.

ئاغزىمدىن چىقتى، ساقىلىمغا ياماشتى.

ئاغزىمغا كەلدى دەپ دىمە،
ئالدىمغا كەلدى دەپ يىمە.

ئاغزى يۇمشاق موزاي قوش ئەمچەك ئېمەر.

باشتا سوز بولسا، ئايىغىدا گەپ يوق.

بېشىڭ نەدىن كېتەر — تىلىڭدىن.

بىكار گەپ قىلىش ئەخمەقنىڭ ئىشى.

بىردىن ئىككى ياخشى،
قۇرۇق گەپتىن جىڭدە (ياخشى).

بىر ئېغىز سوز كەم، ئىككى ئېغىز سوز ئارتۇق.

دىمىگەننى دىگۇچى چىقار،
يىمىگەننى يىگۇچى (چىقار).

دىسە، دىگىچە قويدۇم،
كېسىپ يىگىچە قويدۇم.

ئېيت ـ ئېيت دىسە، ئاتىسى ئېسىدىن چىقىپتۇ.

ئېغىز ــ ئايغاق، تىل ــ تايغاق.

ئېغىزدىن بالا تۇغۇلماس،
باشقا ھەممىسى تۇغۇلار.

ئېغىز ــ دەرۋازا، سوز ــ شامال.

ئېغىزنىڭ نوختىسى يوق،
تىلنىڭ سوڭىگى (يوق).

گېپى گەپكە ئوخشىماس،
ئاغزى گەپتىن بوشىماس.

گەپ بىر، قۇلاق ئىككى.

گەپدانلىقنىڭ ئونتۇز پۇتىغى بار.

گەپ دېگەننىڭ تۇرغۇچى بار.

گەپ گەپنىڭ كوتىنى ئاچتى.

گەپكە گەپ كەلسە، ئاتاڭدىن قايتما.

گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار،
ساقالنىڭ تۈۋىدە خەپ بار.

گەپنىڭ ياخشىسى ”خۇدايا تووۋا“،
ئاشنىڭ ياخشىسى قورۇما شورپا.

گەپنىڭ يامىنى كۇس - كۇس،
ئوسۇرۇقنىڭ يامىنى پۇس - پۇس.

گەپنى تېجىمەلدىن سورا، يولنى كارۋاندىن.

گەپ ۋاقتىدا ياخشى، كاۋاپ زىخىدا.

گەپ يۈزدە ياخشى، ئۇسۇل تۈزدە.

گەپ قىلسا ۋالاقتەككەن دەيدۇ،
گەپ قىلمىسا مورىمەس (دەيدۇ).

كونا گەپ قۇلاققا ياقماس.

كونا ئۇستىخانىنى ئىت غاجىماس.

كەنجى كېۋەزنىڭ غوزىسى يوق،
تولا گەپنىڭ مەزىسى يوق.

كوپ ئويلا، ئاز سوزلە.

كوپ سوز ئادەمنى ئەخمەق قىلار.

كوپ سوزلىگەن — كۆكۈم،
ئاز سوزلىگەن — ئالتۇن.

كوپ سوزلىگەن تۇتۇلار،
ئاز سوزلىگەن قۇتۇلار.

كوپ سوز — چوپ سوز.

كوزدىن كوز تايسا، كوكسىدىن سوز تايىدۇ.

كوڭۇلنىڭ كىرىنى ئېيتسا كېتەر،
كىيىمنىڭ كىرىنى يۇسا (كېتەر).

كۇندۇزى گەپ قىلساڭ، ئەتراپىڭغا باق،
كېچىسى گەپ قىلساڭ، قۇلاقنى قۇلاقلاياق.

مىڭ ئېغىز كاپ - كاپتىن،
بىر ئېغىز چىپ - چاپ ياخشى.

نىمە دىسەڭ شۇنى ئاڭلايسەن.

ئوچۇق ئېغىز ئاچ ئولمەس.

ئوتتۇز چىشىدىن چىققان سوز،
ئوتتۇز ئەلگە تارقاپتۇ.

ئوتقا كەلگەن خوتۇننىڭ
ئوتتۇز ئېغىز گېپى بار.

ئويلىماي سوزلىسەڭ، ئاغرىماي ئولىسەن.

ئويناپ دىسىمۇ، كوڭلىدىكىنى دەر.

ئويناپ گەپ قىلساڭمۇ، ئويلاپ گەپ قىل.

پۇت يۈگرۈگى ئاشقا،
ئېغىز يۈگرۈگى باشقا.

چالا تۇڭچى ئادەم ئولتۇرەر.

چىرايلىق يۈزدە ئەمەس، سوزدە.

راست گەپكە جاۋاپ يوق.

ساڭا سوز يوق، مۇشۇككە بەز (يوق)،

سۇ ئانىسى — بۇلاق،
سوز ئانىسى — قۇلاق.

سەنمۇ شۇك، مەنمۇ شۇك،
ئوتتورىدا قارا مۇشۇك.

سەن تاز دىگىچە، مەن تاز دەۋالاي.

سوز بىلەن پولۇ پىشماس،
ماي بىلەن گۇرۇچ لازىم.

سوزدىن سوز چىقار،
شوردىن تۇز (چىقار).

سوزى توغرىنىڭ قەدرى ئارتۇق بولار.

سوزلىگەن ئەخمەق بولسىمۇ،
ئاڭلىغان ئەقىللىق بولسۇن.

سوزلىيەلمىگەن ئېغىزدىن
چاپاق باسقان كوز ياخشى.

سوز قىلىشتىن ئاۋال ئاغزىڭدا چايناپ كور.

سوزنىڭ ئېزى ياخشى،
ئاشنىڭ تۇزى (ياخشى).

سوزنىڭ پىششىغى ياخشى،
ئاشنىڭ ئىسسىغى (ياخشى).

سوز قېلىپىدا ياخشى،
پىچاق غىلىپىدا (ياخشى).

سوز قىل سىغار يەرگە،
سۇ سەپ سىڭەر يەرگە.

سوز قوغلىغان كاشىلىغا يولۇقار،
يول قوغلىغان غەزنىگە (يولۇقار).

سوزۈڭ تاتلىق بولسىمۇ تەكرار سوزلىمە.

تاياق گوشتىن ئوتەر، تىل سوڭەكتىن.

تىلغا ئىختىيار بەرسەڭ،
ئەلگە ئېتىۋارسىز بولسەن.

تىلىڭنى تارت، چىشىڭ سۇنمىسۇن.

تىلىڭ قاتتىق بولسا ياغلىۋەت،
يۇمشاق بولسا داغلىۋەت.

توغرا سوز تومۇرنى تېشەر،
يۇمشاق سوز قىلىچنى كېسەر.

تەگسەڭ تېرىق بولىدۇ، تەگمىسەڭ ئېرىق.

توشۇك ئېغىز توشۇك ئېغىزدىن قالماپتۇ.

توشۇك قۇلاق نىمىنى ئاڭلىماس؟

تۈكۈرگەن تۈكرۈكنى ئېغىزغا ئالغىلى بولماس.

تۈلكىنىڭ سوئالىغا
خورازنىڭ جاۋاۋى بار.

ئۇزۇن گەپ ئۇزنى ئورار،
ئۇزۇن چاپان پۇتنى (ئورار).

ۋالاقتەككۈر گەپ بەرمەس،
سۇنۇق كەپكۈر نەپ (بەرمەس).

ياخشى گەپ بوسۇغىدىن چىققىچە،
يامان گەپ يەتتە تاغدىن ھالقىپتۇ.

ياخشى گەپ — ئىسسىتقۇ،
يامان گەپ — سوۋۇتقۇ.

ياخشى سوز بىلەن ئىلان ئىنىدىن چىقار،
يامان سوز بىلەن قىلىچ قىنىدىن چىقار.

ياخشى سوز دۈشمەنگە ياراپتۇ.

ياخشى سوزگە قۇلاق سال،
يامان سوزگە ياماق سال.

ياخشى سوز ـــ جان ئوزۇغى،
يامان سوز ـــ جان قوزۇغى.

ياخشى سوز تاشنى يارار،
يامان سوز باشنى (يارار).

يالغان گەپنىڭ ئات ئىگىرى توقۇغلۇق.

يامىنى ئېيتماي، ياخشىلىق يوق.

يارىماس گەپنى تىلىڭدىن كورمە، دىلىڭدىن كور.

يېڭى گەپ، كونا قۇلاق.

يۇرتقا كەلگەن بوز ئەرزان،
ئېغىزغا كەلگەن سوز (ئەرزان).

يەنە دىسەم، يەنە دەيدۇ،
ئاستا دىسەم، بەكرەك.

يەرنىڭ يامىغى يوق، سوزنىڭ ئايىغى (يوق).

”ھەئە“دىن ئوبدان جاۋاپ يوق،
جىگەردىن ئوبدان كاۋاپ يوق.

قاچان تىلماچ دېيەلىسۇن
ئۆزەم ئېيتقان سۆزۈمدەك.

قىزىم، ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم، سەن ئاڭلا.

قول يارىسى كېتەر، تىل يارىسى كەتمەس.

قۇرۇق گەپ قۇلاققا ياقماس.

ئەر كۆركى — ساقال،
سۆز كۆركى — ماقال.

ئەرنىڭ سۆزى بىر بولار.

ئەرنىڭ ئۆزى ئەمەس، سۆزى.

ئۆتكۈر سۆز — ئاتقان ئوق.

## 22. تېپچلىق ـ ئامانلىق ۋە خاتىرجەم ـ سىزلىك توغرىسىدا

ئالتۇندىن كوز يېشى توكۇلەر.

ئالتۇنلۇق ئويدىن كوڭۇلنىڭ تېپچلىغى ياخشى.

ئاز ئېشىم ــ غوغىسىز بېشىم.

ئاغرىماس بېشىمغا ئالتە تاياق.

باشتىن قۇلاق سادىغا.

بىر گورگە سۇ كىرسە، مىڭ گوردە ئەنسىزچىلىك.

دوغا نەدە بولسا، غوغا شۇ يەردە.

ئىشىگى يوق موللامنىڭ قۇلىغى تېچ.

گۇمان ئىمانىنى قاچۇرار.

گور ئەنسىزلىگىدىن ئۆي ئەنسىزلىگى يامان.

جىدەلخورغا گۇۋاچى بولما.

جەڭنىڭ بىرى جەڭ، توقفۇزى رەڭ.

كۈندۈزى ماڭغان ئىلاننىڭ ئۆمرى كوتا،
كېچىسى يۈرگەن ئەرنىڭ (ئۆمرى كوتا).

كۈندەشلىك ئۆيدە كۈندە جىدەل.

ئۆن كۆلكىنىڭ بىر يىغىسى بار.

AltunOq

ئۆيۈننىڭ ئېزى ياخشى.

ئۆيۈنۈڭنى قەيەردە ئۆينىساڭ،
يىغاڭنى شۇ يەردە يىغلا.

سەن تېچ — خوشناڭ تېچ.

تېچ كوڭۈلگە تۈزسىز ئۇماچ.

تېچلىق ئەۋزەل.

توپىلاڭدا توغاچ ئوغرىلاپتۇ.

"تۇر ـ تۇر" كوپ بولسا، ئۇيقۇدا مەزە يوق.

شامالنىڭ ئالدى قۇيۇن،
جېدەلنىڭ ئالدى ئويۇن.

شانىياز ئوۋغا چىقسا، كەينىدىن غوغا چىقار.

يارا ئاغرىغىدىن كوڭۇل ئاغرىغى يامان.

يارىم چىقتى تالاغا،
مېنى قويدى بالاغا.

يۇرت بولسا، ئالۋاڭ بولمىسا،
تېچ بولسا، مالىمان بولمىسا.

قوساق ئاغرىغىڭ بولمىسا،
تاۋۇز يېيىشتىن قورقما.

ئەندىشىنىڭ ئېتى قورقاق.

ئولۇمدىن باشقىسى تاماشا.

ئوتكەن ئىشقا سالىۋات.

## 23. ھەمكارلىق، ئادەمگەرچىلىك ۋە نائەھلىلىك توغرىسىدا

ئاداشقانغا يول كورسەت.

ئادەم ــ ئادەم بىلەن،
پىستە بادام بىلەن.

ئادەم قىچقارسا بارمايمەن،
ئاش قىچقارسا قالمايمەن.

ئادەم ئەتكەنگە تازىم ئەت.

ئات كوتەرسەڭ ياخشى بىلەن كوتەر،
سۇ كوتەرسەڭ بالداق بىلەن (كوتەر).

ئاش بەرگەنگە مۇشت بىرىپتۇ.

ئاش ئوتنە، ئىش لاپقۇت.

ئايدا ئوتاق بولماپتۇ، يىلدا خوشنا.

بىر كىشى ياققان ئوت يۈز كىشىنى ئىسسىتار.

بىر قاقىقا بىر قاق.

بولۇشساڭ جانغا بولۇش.

بۇغداي نېنىڭ بولمىسا،
بۇغداي سوزۇڭ يوقمىدى؟

بەرگىنىڭنى ئازغا سانا،
ئالغىنىڭنى كوپكە (سانا).

ئېشىنى يەپ، تاۋىقىنى چېقىپتۇ.

ئېغىز يىسە، يۈز ئۇيىلار.

ئىتتىرىپ بەرگەننى ئىت يىمەس.

ئىشى يوقنىڭ كارى يوق.

ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ.

جاي بەرگەنگە جان بەر.

جاھاندا بار بولساڭ، يار بول.

كېپىل بولساڭ، كېپىنىڭ كويەر.

كىشى نان تەڭلىسە، يېمەيمەن دېمە،
قولۇڭغا ئال، يېمىسەڭ يېمە.

كىشىنىڭ ئىشى — بوسۇغا بېشى.

كىشىنىڭ ئىشىغا تومۇزدا قول توڭۇپتۇ.

مېنىڭ ئىشىم سەن بىلەن،
سېنىڭ ئىشىڭ كىم بىلەن؟

مەسلىھەتلىك ئىش بۇزۇلماس.

نائەھلىگە قەرزدار بولما،
ناتونۇشقا ھەمرا (بولما).

ئۇماچىنىڭمۇ ئوتنىسى بار.

ئوۋچىنىڭ قارچۇغىسى بولسا، توشقان نەزرىسى بار.

رەھىمسى يوق ئادەمدىن،
رەھىمسى بار ئىت ياخشى.

ساڭا قاراپ مەن،
ئىشىككە قاراپ دەم.

ساق كوز يىغلىسا، سوقۇر كوزدىن ياش چىقار.

سەن ياخشى — مەن ياخشى،
تولۇر قىزىق، نان ياخشى.

سەھەرلەغا چىقسا ئىشىكىنى تونۇمايدۇ،
شەھەرگە كىرسە دوستىنى (تونۇمايدۇ).

سوز بەرگەن يۈز بەرمەس،
يول كورسەتكەن ئۈزۈق (بەرمەس).

سۈپۈرگەن يەرگە چېچىپتۇ.

تاش ئاتقانغا ئاش ئات.

تىكەن بولۇپ پۇتقا كىرگىچە،
چىمەن بولۇپ باشقا قادال.

Altunda

تويغان يەرگە توققۇز كۈن تازىم.

تۈزۈكنى يەپ، تۈزلۈغۈكغا چىچار.

تۈز يالىغان ئىت قوپارغۇ ئاستىدا ئۆلەر.

توگە كوردۇكمۇ؟ — يوق.

تۈگمەن تېشى مەن بولسام،
چىقىلدۇرۇغى سەن بولدۇك.

— ۋاپاغا جاپاغا بارمۇ؟
— ئىزلىسە تېپىلار.

ياخشى بولسا ئۆزىدىن كورىدۇ،
يامان بولسا ئۆزگىدىن.

ياردەم قىلدىك — خوپ قىلدىك،
مىننەت قىلدىك — ھىچ قىلدىك.

يىقىلغانغا يولەك بول،
يىرتىلغانغا ياماق بول.

غالجىر خۇدانى بىلمەس، ئىت ھارامنى.

ھارمالڭ دىسە، ھاپاش بوپتۇ،
تېچمۇ دىسە بالاغا قاپتۇ.

ھەمدەمدە بار، ھىساپتا يوق.

ھەر ئىش ئۆز يولىدا ياخشى.

قول قولنى يۇسا، قول قوپۇپ يۈزنى يۇيار.

قوينۇڭدىن توكۇلسە، قونچۇڭغا.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — دىسە،
— بەش تەڭگەمنى بەر! — دەپتۇ.

ئولگەن بولسا ئىگىمنى تاڭاي،
تىرىك بولسا يارىسىنى (تاڭاي).

ئولگەندىن ئوپكە سوراپتۇ،
ئەسكى تامدىن قوقاق.

ئوتنىگە لاپقۇت، ئوتنۇككە ئاپقۇت.

ئوتنە — يىپرىم.

ئوز نەپسىدىن كەچمىگىچە،
كىشىنى خۇش قىلغىلى بولماس.

# 24. مىجەز، خۇلق ۋە كىشى تەبىئىتى توغرىسىدا

ئادەم دېگەن ھول نېمە.

ئادەم گۈلدىن نازۇك، تاشتىن قاتتىق.

ئادەمنىڭ ئالدى گۈل، كەينى تىكەن.

ئادەمنىڭ پىلتىسى يوق.

ئادەمنىڭ يۈزى ئاپتاپتىن ئىسسىق.

ئادەمنىڭ قۇيرۇغى يوق، تونۇغىلى بولماس.

ئاختامنىڭ چالمىسى يامان،
ئادەمنىڭ لالمىسى (يامان).

ئانچىلىك ئاچچىق پىيازدىمۇ بار.

ئاغرىق قالسىمۇ، ئادەت قالماس.

بېلى بوشنىڭ گېپى بوش.

بېشى قايغان، پۇتى تايغان.

بېشىڭغا ھەر بالا كەلسە،
ئۆزەڭنىڭ خۇي - پەيلىدىن كور.

بىر مەستىن قورقمەن، بىر مورىمەستىن.

بىر پۇل بېرىپ ئۇسۇلغا سالسا،
ئون پۇل بېرىپ توختاتقىلى بولماس.

بىشەم خوتۇن بەش كۆنلۈك،
بىزەڭ يولداش بىر كۆنلۈك.

بۆقا بوينىغا يىغار، ھابدال قوينىغا.

بورە بالىسى تاققا قاراپ ھۇۋلار.

بورە قېرىسا، ئىتلىغى بار.

دىل ئازاردىن خۇدا بىزار.

دورامچۇقنىڭ ئاغزى پۇچۇق.

دوستۇمنىڭ كوڭلىنى ئاياپ، بويۇمدا قالدى.

دوزاققا ئۆگەنگەن كوڭۈل بەھىشكە كونەلمەپتۇ.

ئېغىرلىق — رەھمانلىق،
يېنىكلىك — شەيتانلىق.

ئېغىر چامدىغىچە، يېنىك سەكرەيدۇ.

خوشناڭ قارغۇ بولسا، كوزۈڭنى قىس.

ئىگىزنىڭ ئاچچىقى كەلگىچە،
پاكارنىڭ جېنى چىقار.

Altundag

ئىچى يامانىنىڭ كوڭلى خوش بولماس.

ئىت ئىتلىغىنى قىلمىسا كوڭلى تىنماس.

ئىت كاللىسى تەخسىدە توختىماس.

ئىتنى قاۋايدۇ دەپ ئاغزىنى كەسكىلى بولماس.

ئىتنىڭ ئاغزىغا سوڭەك تاشلا.

ئىتنىڭ سادىلىغىدىن تۆلكە تورگە چىقىۋاپتۇ.

ئىتنىڭ قارغىشى بورىگە يۇقماس.

ئىتنىڭ قارغىشىغا پىت ئۆلمەس.

ئىت ئۇرغۇچىغا ئامراق.

ئىت هاۋشىپ ـ هاۋشىپ، سەهەر ئۇخلار.

جاڭگالدا هاڭرىغان ئېشەك شەهەردە هاڭرىيالماس.

جىمغورنىڭ هۇنىرى ئىچىدە.

كاللا دىسە، پاقالچاق دەيدۇ،
پىشۇرۇپ بېرەي دىسە، خام يەيمەن دەيدۇ.

كاۋا هىچقاچان قوغۇن بولماس.

كىشىنىڭ تۈگمىدەك ئەيىۋى كورۈنەر،
ئۆزىنىڭ توگىدەك ئەيىۋى كورۈنمەس.

كوڭۈلچەكنىڭ كوتى ئوچۇق.

كوزى مىدىرلىغاندىن قورق.

كوز ـــ ئۈرنىڭ ئۆكسى،
كوڭۈل ـــ سىرنىڭ ئۆگسى.

كۆچى يوقنىڭ ئاچچىغى يامان.

لالما بولغىچە سالما بول.

لەقەم قويۇش خىزىرنىڭ ئىشى.

مال ئىگىسىنى دورىمىسا هارام.

مىلجىڭ ئادەم سۆز بۇزار،
قىڭغىر هارۋا يول بۇزار.

مىلجىڭنى ئەزمە يېڭىدۇ،
ئەزمىنى خۇدادىن بەزمە يېڭىدۇ.

موللا هوشۇرنىڭ بىرى شۇ.

مەن كورمىگەن يېرىڭ بارمۇ، سىڭا يېقىنىڭ تارتۇق.

مۇشۇكنى هارۋىغا قاتساڭ، كاتىنىڭ ئاستىغا سورەيدۇ.

نوقانچىنىڭ كوزى يامان،
سۇخەنچىنىڭ سوزى (يامان).

ئوچۇق چىراي — قايناق چاي.

ئوچۇق يۈز — نېمەت ئۈستىگە نېمەت.

ئويماقسىز خوتۇن بولماس، تىغسىز ئەر.

پەيلى ياماننىڭ خۇيى يامان.

چاپسانغا بار، لايپاسقا يوق.

چاققان جۇۋاننى بوشوك ئاستىدا كورۈڭ.

چىدىماسنىڭ ئويى پايلىماسنىڭ قېشىدا.

چىشقاق بالىغا ئىت ئەگىشەر،
كۈلگەك ئاپالغا يىگىت (ئەگىشەر).

ساراڭنىڭ ئوگى يوق،
پاشىنىڭ قوڭى (يوق).

ساياق يۈرگەن تاياق يەر.

سېرىق سوگەت سايە بولار،
سېرىق ئادەم ئوغا (بولار).

سېپايە سىردىنى يوشۇرالماس،
پۆچۈق بۇرنىنى (يوشۇرالماس).

سوقۇشقاق خوراز سەمرىمەس.

سۈت بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقار،

تاماگەرنىڭ تامىغى قۇرۇق.

تارتىنغان ئاچ قالار.

تاسما يىگەن ئىتنىڭ خۇيى ئۆلگىچە قالماس.

تېرىككەننىڭ جېنىنى ئال.

توخۇ داڭگال چۇشەر، ئۇشكە جاڭگال.

توپاقنى چىمداپ ئۆلتۈرۈپتۇ.

تەلۋىگە چوماق تۇتقۇزما.

تەلۋىنىڭ تېرىسى قېلىن.

تەلۋىنى قورقۇتماق — ئۆلۈكنى تىرىلدۈرمەك.

تەلۋە ئات مىنسە تەگرىنى تونۇماس.

تەلۋە تەپسە زەنجىر ئۈزەر.

تەلۋە تورنى بەرمەس.

تەرى يامانىنىڭ مەرى يامان.

تۆگە سىيگەنچە قۇيرۇغىنى قوم بېسىپتۇ.

تۆگە ئۇسسۇل ئوينىسا، يەتتە تاختا زەدەكنى بۇزار.

تۇشۇك بىرتىقتىن كۆلەر.

تۆكى قايانغا ياتسا، شۇ ياققا سىلا.

شاپاققا تېپىلىپ، ئۇرۇققا زوك ئولتۇرۇپتۇ.

يامانلىغانغا يامان قوينىڭ كاللىسى.

يامانلىغان ھابىدالنىڭ خۇرجۇنىغا زىيان.

ياغاچ قۇلاققا گەپ ئۇتمەس.

يىگىت كوزىنىڭ سۇيى سوغاق.

يىگىت كولىنىڭ سۇيى تاتلىق.

يىگەن ئىچمىز، كورگەن كىيىز.

يىراقنىڭ يىقمىنى بار،
ساراڭنىڭ ماقۇلى (بار).

يۇۋاش ئۇيىنىڭ مۇڭگۇزى ئىچىدە.

زىدى پەسنىڭ تىگى پەس.

غەمسىز كىشى بولماس،
ئەرسىز چىشى (بولماس).

ھەر بىر ساراڭ دىگەندە بىر چىشلەم گوشى ساراڭ
بولار.

ھەسەن ئاكام ئاچچىق،
مېغىزلىرى تاتلىق.

قاپىقى جۇتنى قىچقىرىدۇ،
كالپۇكى يەرنى سۈپۈرىدۇ.

قاسساپقا پۇل بېرىپ، ناۋايغا قاراپتۇ.

قاغا قاقىلدىمىسا، قۇنلارنىڭ كوزىنى چوقۇپ بولاتتى.

قېرىشقاننىڭ قارنى ئاچ.

قىرىق كىشى بىر ياق،
قىڭغىر كىشى بىر ياق.

قىتىغىرنىڭ ئىچى زىدە،
سېرىق يوگەك باشقان بىدە.

ئەگرى قوزۇققا دۇناي توقماق.

ئەرنىڭ كۆڭلى ئۆۋرىشىم.

ئەزمە ئويلانغىچە، تاۋەككۈلچى مەقسىدىگە يېتىپتۇ.

ئۆكۈز ئۆلگەندىمۇ كۆزىنىڭ ئالىسى كەتمەس.

ئۆلۈكنىڭ كۆزى يامان،
ئۆرۈشقاقنىڭ سۆزى (يامان).

ئۆلەرمەن ئېشەك ئۆلتۈرۈپ تېپەر.

ئۆزى سوغاقنىڭ قىلىغى سوغاق.

ئۆگەنگەن خوي ئۆلگىچە قالماس.

ئۆگەنگەن كۆڭۈل ئۈژمە پىشقىچە.

## 25. ياخشىلىق ۋە يامانلىق توغرىسىدا

ئالتۇن يەردە ياتماس،
ياخشىلىق يولدا (ياتماس).

ئاندىن قاچقان، مۇندىن قاچقان،
يامانلىق بىلەن كوزىنى ئاچقان.

بىر ياخشىلىق مىڭ بالادىن قۇتقۇزار.

بىر ياخشىلىق ئۇنتۇلماس، بىر يامانلىق.

بىر ياخشىغا بىر يامان ھەر يەردە بار،
ئىككى ياخشى بىر بولغان قەيەردە بار؟

ئىككى ياخشى ئارىسىدا قىل ئۈزۈلمەس،
تومۇر زەنجىرنى ئۈزىدۇ ئىككى بىلمەس.

پوقا چالما ئاتساڭ، ئۆزەڭگە چاچرار.

سېسىق گۆشنى چۈشىن تاپار،
يامان ئىشنى يامان تاپار.

ياخشى ئاتنىڭ تېرىسى قېپىش بولار، كون بولماس.

ياخشى ئاتقا بىر قامچا،
يامان ئاتقا يۈز قامچا.

ياخشى ئاتقا قامچا لازىم ئەمەس.

ياخشى ئاتقا قوڭغۇراق.

AltunOq

ياخشى ئاش ئۈستىگە كېلەر،
يامان گەپ ئۈستىگە.

ياخشى ئاز، يامان كوپ،
بۇغداي ئاز، سامان كوپ.

ياخشى بىلەن دوست بولساڭ،
ئېچىلار چىچەكلىرىڭ.
يامان بىلەن دوست بولساڭ،
يېرىلار يۈرەكلىرىڭ.

ياخشى بىلەن يۈرسەڭ، يېتەسەن مۇراتقا،
يامان بىلەن يۈرسەڭ، قالىسەن ئۇياتقا.

ياخشى بولساڭ ئېشىڭنى يەيسەن،
يامان بولساڭ بېشىڭنى يەيسەن.

ياخشى بولساڭ تويۇڭغا بارارمەن،
يامان بولساڭ ئۆلۈمۈڭگە.

ياخشى بولسا ئۆزەڭگە بالا،
يامان بولسا بېشىڭغا بالا.

ياخشىدىن ئات قالىدۇ، ياماندىن دات قالىدۇ.

ياخشىدىن جاپا كەلمەس،
ياماندىن ۋاپا (كەلمەس).

ياخشىدىن يامان چىقار،
ياماندىن ياخشى (چىقار).

ياخشى گوشتىن ياخشى شورپا.

ياخشى كىلىپ هالىڭغا يېتەر،
يامان كىلىپ ئوتنۇڭنى "پۇۋ" دەر.

ياخشى كورگىنىنى ئېيتار، يامان يېگىنىنى.

ياخشىلىقنى ئۇنتۇما،
يامانلىقنى كوڭلۇڭدە تۇتما.

ياخشىلىق — يېنىپ تۇرغان چىراق.

ياخشىلىق يەردە ياتماس،
يامانلىق ئوزىدىن ئاشماس.

ياخشىلىق قالار، يامانلىق تۇگەر.

ياخشىلىققا ياخشىلىق — هەر كىشىنىڭ ئىشىدۇر،
يامانلىققا ياخشىلىق — ئەر كىشىنىڭ ئىشىدۇر.

ياخشىنى ماختىساڭ يارىشىدۇ،
ياماننى ماختىساڭ ئادىشىدۇ.

ياخشىنىڭ خۇلقى ئارتۇق،
ياماننىڭ ياقىسى يىرتىق.

ياخشىنىڭ سوزى، ياماننىڭ كوزى.

ياخشىنىڭ شاراپىتى،
ياماننىڭ كاساپىتى.

ياخشىنىڭ ياخشىلىغىنى چىقار، كۆككە يەتسۇن،
ياماننىڭ يامانلىغىنى چىقار، تۇزۇپ كەتسۇن.

ياخشىنىڭ ياخشىلىغى تېگەر ھەر يەردە،
ياماننىڭ يامانلىغى تېگەر تار يەردە.

ياخشىنىڭ قولتۇغىدىن يۆلەپ ئۆرە قىل،
ياماننىڭ ئاغزىغا ئۇرۇپ پۆرە قىل.

ياخشىنى يات ئىكەن دېمە،
ياماننى ئۆز ئىكەن دېمە.

ياخشى نىيەت ئاشقا،
يامان نىيەت باشقا.

ياخشى ئۇرۇشسا، بەرگىلى نەرسە تاپالماس،
يامان ئۇرۇشسا، ئالغىلى (نەرسە تاپالماس).

ياخشىغا بىر سۆز، يامانغا مىڭ سۆز.

ياخشىغا بەرسەڭ نېپى تېگەر،
يامانغا بەرسەڭ كېپى (تېگەر).

ياخشىغا سۆز، يامانغا مۇشت.

ياخشىغا ياغ، يامانغا داغ.

ياخشىغا يىپەك يېپىشار،
يامانغا تىكەن (يېپىشار).

يامان ئاتنى يال باسار.

يامان بىلەن ماجرا،
ياخشى بىلەن سوھبەت.

ياماندىن ئاشقان يېرىم قوشۇق.

يامان ئىنەك ئۆلگىچە سۈتلۈك ئاتالماس.

يامان كىشى سالغاننى بىلمەس.

يامانلىق — بىر دەملىك،
ياخشىلىق — ئۆمۈرلۈك.

ياماندىقنىڭ يولى يېنىك،
ياخشىلىقنىڭ يولى ئېغىر.

ياماننى ئىشىڭغا يولاتساڭ يولات، قېشىڭغا يولاتما.

ياماننىڭ بىر قىلىغى ئارتۇق.

ياماننىڭ گېپى يامان،
ئەسكى چاپاننىڭ پېتى (يامان).

ياماننىڭ سۆيىنى ئىچكىچە، قاپىغىنى ئۆشتۈۋەت.

ياماننىڭ توقۇمىغى يېپىنىدا.

ياماننىڭ تۆزغا بارغىنى — قىزغا بارغىنى.

ياماننىڭ ياخشىلىقى يوق،
يامان سوزنىڭ تاتلىقى (يوق).

ياماننىڭ ياخشىسى بولغىچە،
ياخشىنىڭ يامىنى بول.
قارىموقنىڭ دانىسى بولغىچە،
بۇغداينىڭ سامىنى بول.

يامانىڭ يامانلىغى بار،
كىشى بىلمەس ھىلىسى بار.

يامانىڭ قويىندا ياتقىچە،
ياخشىنىڭ ئايىغىدا ئول.

يامانى قويۇپ بەرسە ئەركىگە،
كۈندە چىچىدۇ بوكىگە.

يامان ئۇرۇقتىن ياخشى مىۋە بولماس.

يامانغا ئاختامدىكى داڭگال.

يامانغا گوردىمۇ خوشنا بولما.

يامانغا يانتاياق بولما.

يامانغا ياغ ياراشماس،
ئۇشكىگە يۇمغاقسۇت.

يامانغا يېلىن، ئاغزىغا نېرىن.

يامانغا يولۇقساڭ يالىسى يۇقار،
قازانغا يولۇقساڭ قارىسى (يۇقار).

يامانغا قىلغىنىڭ ــ قوُمغا سىڭگىنىڭ.

يامان ھارۋا يول بوُزار،
يامان ئادەم يوُرت (بوُزار).

ھارۋا ماڭغان يول تار بولماس،
يامانغا گەپ قىلساڭ ھار بولماس.

قاغىغا ئوق ئاتما، يامانغا سوز قاتما.

ئوزەڭگە ياخشىلىق تىلىسەڭ،
كىشىگە يامانلىق قىلما.

## 26 . تۇرلۇك جىسمانى ئەيىپلەر توغرىسىدا

ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چا قۇيرۇق.

ئاتنىڭ ياخشىسى بوز بولار،
ئەرنىڭ ياخشىسى تاز (بولار).

دوك گورگە كىرگەندە تۈزبلەر.

دۇدۇق سۆزگە يارىماس، ئوغرى كۆزەتكە.

گاچا قىزنىڭ تىلىنى ئانىسى ئۇقار.

ئىككى سەنتىن گۈل دەستە چىقار.

كورزى يوقنىڭ ئوزى يوق.

دەككىدىمۇ شۇ تاز، مەدىنىدىمۇ شۇ (تاز).

پاك بىلەن ئورتاق بولدۇم،
گەپ ئاڭلىتالماي پۇداق بولدۇم.

پۇتى كىچىك چاۋقاننى كىيەر،
پۇتى يوغان تاپقاننى.

چاپاق خوتۇننىڭ جىتاق ئېرى بار،
ياغاق ئاتنىڭ مايماق ئىگىرى (بار).

ساراڭغا سوت يوق.

سىيگەك سۆغا ئامراق

تاز باشقا يېشىل تەقى.

تاز بازارغا بارسا شۇم خەۋەر تاپار

تاز بىلەن تاز تاغاق تالىشىپتۇ.

تاز گۈل تاپسا، قىسقىلى جاي تاپالماپتۇ

تاز جابدۇغىچە توي تارقاپتۇ.

تاز كارامەتچى كېلەر، پوقاق دارامەتچى.

تازنى ئاپتاپتا قىستاپتۇ.

تازنىڭ كۆزى چاچتا،
قىزنىڭ كوزى قاشتا.

تازنىڭ نىمىسى بار؟ — تومۇر تاغىغى.

تازنى تاز دىسە ئۆلگۈسى كېلەر،
ساقنى تاز دىسە كۈلگۈسى (كېلەر).

تاز چىۋىننى قوندۇرماس،
چىۋىن تازنى تىندۇرماس.

تاز تازنى كورسە بېشى قىچىشار.

تازغا تاغاق بەرسەڭ، يىلىم تىلەيدۇ.

تاز قىزغا ئەر تاپماق — قىدام كەكىگە ساپ تاپماق.

ياخشى ئاتتا بىر ئەيىپ.

يېشىل كولدە غاز ئوينايدۇ،
چىۋىن بىلەن تاز ئوينايدۇ.

هەر كاللىدا بىر خىيال،
تاز كاللىدا مىڭ خىيال.

ھۇكەر ياڭغا ئۇتسە يازغا تەۋە،
تۇماق گەدەنگە چۈشسە تازغا تەۋە.

قارغۇ باتۇر بولار.

قارغۇ ئېشەككە تۇزلۇق سۇ،
قاتتىق ناڭغا مۇزلۇق سۇ،

قارغۇ مۈشۈككە ئۆلۈك چاشقان ئۇچراپتۇ.

قارغۇنى يار بويىدا قىستاپتۇ.

قارغۇنىڭ تىلىگى ئىككى كوز.

قارغۇ تۇتقىنىنى قويماس،
گاس ئاڭلىغىنىنى (قويماس).

قارغۇغا كېچە - كۈندۈزنىڭ پەرقى يوق.

قارغۇغا يول كورسەتسە، ئۇزەم تاپقان يول، دەپتۇ.

ئوزىنىڭ ئەيىۋى ئوزىگە كورۈنمەس،
كورنىڭ ئەيىۋى كوزىگە كورۈنمەس.

## 27. ئەدەپ - ئەخلاق ۋە تەربىيە توغرىسىدا

ئاتا باشلىمىغانىنىڭ پودىغى چوڭ،
ئانا باشلىمىغانىنىڭ ئەمچىكى (چوڭ).

ئاتا كورگەن ئوقيا ياسار،
ئانا كورگەن كىيىم پىچار.

ئاتالمىغانىنىڭ ئوقى ئالتە غۇلاچ كېتەر.

ئاتالمىغان ئوقىدىن كورىدۇ،
چىچالمىغان پوقىدىن (كورىدۇ).

ئاتالمىغان ئوقىدىن كورىدۇ،
يېنىپ كېلىپ خوتۇنىدىن.

ئاتىسى ئاتمىغان قوڭغۇزنى،
بالىسى ئېتىپتۇ توڭگۇزنى.

ئاتىسى بولۇشقاندىلىق ئوغلى ئۇرۇشقاق،
ئانىسى بولۇشقاقنىڭ قىزى يىغلاڭغۇ.

ئاتىسى تۇرۇپ ئوغلى سوزلىگەندىن بەز.

ئاقنى كوككە ئۇلىغان ئوكلۇق خېنىم.

بالىنى باشتىن ئۇگەت، خوتۇنىنمۇ باشتىن.

بېتى ئەدەپ كورمىگەن،
كوتى تەرەت كورمىگەن.

پەگگىنى بالام دىمە،
بوقىنى كالام دىمە.

ئېشەك تەخىيگە ئېشەكلىكىنى باشقىنى ئۇگەتمەس.

خامنى بۇزغان شانىسى،
قىزنى بۇزغان ئانىسى.

ئىشىك ئوچۇق بولسىمۇ سوراپ كىر.

نەسىھەت ئاچچىق، مىۋىسى تاتلىق.

ئوغلۇڭ ئوسسە، ئۇلۇغلار بىلەن خوشنا بىرا،
قىزىڭ ئوسسە قىلغىلار بىلەن (خوشنا بىل).

پىرىگە بېقىپ مۈرىت بولار،
ساقالغا بېقىپ بۆرۈت.

پۆتالمىغان ياغاچ پۆتاقلىق.

تەربىيە باشتا قاتتىق بولسا، ئاخىرى تاتلىق بولار.

تەرتىپنى سەن تاپمىساڭ، تەرتىپ سېنى تاپىدۇ.

ياغاچنى رەندە تۈزەيدۇ، ئادەمنى تەربىيە.

زېرىككەك بولماڭ، تىرىككەك بولماڭ،
كوكۇلچەك بولماڭ، ئېرىنچەك بولماڭ.

قولۇڭنى سوزغان يەرگە پۇتۇڭنى سوزما.

ئەدەپنى ئەدەپسىزدىن ئۆگەن.

# 28. زىبا ـ زىننەت ۋە ياسانچۇقلۇق توغرىسىدا

ئادەمنىڭ سولىتىگە قارىما، مېھنىتىگە قارا.

ئاناڭنى داداڭغا پەدەسسىز كورسەتمە.

ئارپا ـ تېرىق ئاش ئىكەن،
ئۈنچە ـ ماجان ياش ئىكەن.

باش كىچىك، تۇماق يوغان،
بەل كىچىك، غىلاپ يوغان.

دوپپامنىڭ قۇندۇزىغا قارىما،
ماڭلىيىمنىڭ يۇلتۇزىغا قارا.

ئېشىگىگە يارىسا توقۇمى.

ئېشىگى ئۈچ تەڭگە،
توقۇمى بەش تەڭگە.

كىيىنەك پەرۋانە بولماس،
ياسانچۇق مەردانە (بولماس).

ئۇن تاۋا ـ توقسىدىن بىر توخلا تېرىسى ئەلا.

چاچنىڭ ئۇزۇنى ئۇلاق،
سۇنىڭ سۇزۇگى بۇلاق.

رەڭمۇ ـ رەڭ بولاي دەيمەن،
ھېچ نىمە رەڭ بولالمايمەن.

سۇ كېتىدۇ، تاش قالىدۇ،
ئۇسما كېتىدۇ، قاش قالىدۇ.

تاغنىڭ زىننىتى قورام تاش،
ئادەمنىڭ زىننىتى ئۇستىۋاش.

تېشى پال ـ پال، ئىچى تال ـ تال.

قالپاقتا تۇشلۇق قىرغىز يوق.

قاپاقنى پۇلغا ئالماي، باراڭنى پۇلغا ئاپتۇ.

قىزنىڭ كوزى قىزىلدا.

قۇرۇق سۆلەت، ياغاچ يەشمەت.

ئەستىرىدىن پەۋىزى چوڭ.

ئۈستەڭ يارىشىغى تال،
قىزنىڭ يارىشىغى خال.

ئۆتمەس پىچاق ئاسقۇچى،
چىشلەپ يىگەن ياخشىراق.

ئۆزى بىر غېرىچ، ساقىلى ئىككى غېرىچ.

## 29. ئىشق ـ مۇھەببەت ۋە چىراي تۇغرىسىدا

ئادەم قېرىسىمۇ، كۆڭلى قېرىماس.

ئاشىقلىق ئاسان، جۇدالىق تەس.

ئاشىقچىلىقتا ئۆلۈم كۆزگە كۆرۈنمەس.

ئاشىققا باغدات يىراق ئەمەس.

ئاي دىسە ئاغزى بار،
كۈن دىسە كۆزى (بار).

ئاقنىڭ سەتلىكى بىلىنمەس،
قارىنىڭ چىرايلىقلىغى (بىلىنمەس).

باشتا ئۆتتەك قىزىپتۇ،
ئاخىرىدا پوقتەك سېۋۈپتۇ.

بازاردا مىڭ كىشى،
كۆڭۈلدە بىر كىشى.

بېشىڭنى كەم سىلىسا، ماشايىغىڭ شۇ؛
بېشىڭدا كەم ئولتۇرسا، چىرايلىغىڭ شۇ.

بويىنىنى ئېگەلمىسەڭ، قولىنى سوي.

خەردارلىڭ بولمىسا،
زىبالىغىڭ نە كېرەك.

خىل خىلىدا ياخشى، پىچاق قىنىدا.

خوتۇن كىشى مۇھەببەتنى قىرىق يىل كوڭلىدە ساقلار.

ئىچى كويمىگەننىڭ كوتى قىچىشماس.

ئىشقى يوق ئېشەك،
دەردى يوق كىسەك.

ئىشقى يوق ياردىن ئىسسىق ئوچاق ياخشى.

جاندىن كەچمىگىچە جانانغا يەتمەس.

كىيىك ئوۋلاپ تاققا چىق،
يارنى ئىزلەپ باققا.

كۆڭلۈڭگە ياقمىسا، كۆزۈڭگە ياقماس.

كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە يىزل بار.

كۆڭۈل كىمنى سۆيسە شۇ چىرايلىق.

كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۇ ئىچەر.

كۆڭۈلسىزگە كويىنەك كىيگۈزمەپتۇ.

كورۇپ ئەسلىمەي، ئەسلەپ كور.

كۆيگەن جۇۋانغا ئات تىزىگى ئاي كورۇنەر.

كۆزگە سىققان كۆڭۈلگە سىغمىپتۇ.

كۆز كوردى — كۆڭۈل سۆيدى.

كۆز كورمەي، كۆڭۈل سۆيمەس.

ماڭا كۆيگىچە، بالاڭغا كۆي؛
مېنى سۆيگىچە، ئېرىڭنى سۆي.

مۇھەببەتنى سېتىۋالغىلى بولماس.

مەيلىڭ بولسا مەيخانە،
چىلىم بولسا سەيخانە.

ناز قىزغا يارىشار،
غاز كولگە (يارىشار).

چېكىشمىگىچە بېكىشمەس.

چېچىدا ئۈلىغى يوق،
يۈزىدە يامىغى (يوق).

چىرايىڭنىڭ سەتلىگى ئەينەك گۇنا ئەمەس.

چىراي كويدۈرەر، خۇلق سويدۈرەر.

چىرايلىقنىڭ ئوتى يامان،
سەتنىڭ هالى (يامان).

چىرايلىقنىڭ چىقىمى تولا.

چىرايلىق چىرايلىق ئەمەس، سويگەن چىرايلىق.

چىرايلىقتا ۋاپا يوق.

چىرايغا چاي قۇيۇپ ئىچكىلى بولماس.

سويدۇرگەنمۇ تىل،
بەزدۇرگەنمۇ تىل.

سويگەن ياردىم سەن بولساڭ،
كورگەن كۈنۈم نىمە بولار؟

سويمىگەنگە سۈركەلمە.

تاشلاپ قاچىدىغان قىز بار،
ئېلىپ قاچىدىغان جۇۋان (بار).

تەڭ تېگى بىلەن، تىزەك قېپى بىلەن.

ئۇيقۇ جاي تاللىماس،
مۇھەببەت چىراي (تاللىماس).

شەرتى كېتىپ، پەرتى قالدى.

ياخشى يارغا ئەلچى كېرەك ئەمەس.

يالغۇزلۇقتا يار ياخشى.

يامانىنىڭ ئۆتى يامان.

يان يەرنى شامال قاقىدۇ،
چىرايلىقا ھەر كىم باقىدۇ.

يارىم مېھرى بىلەن كۆلدۈرىدۇ،
ئىشقى بىلەن كۆيدۈرىدۇ.

يارىمنىڭ تىللىغىنى — چىللىغىنى.

يارىم يامانلىغانغا خوش، مەن قۇتۇلغانغا (خوش).

يارنىڭ سۈرىتىگە قارىما، خۇلقىغا قارا.

يارنى تاپقاندا گەپ يوق،
گەپنى تاپقاندا يار (يوق).

يار ئۈچۈن يىگەن تاياقنىڭ يارىسى يوق.

يۈز يۈزگە چۈشىدۇ،
مېھىر كوزگە (چۈشىدۇ).

ھەركىمنىڭ ئوزىگە
ئاي كورۈنەر كوزىگە.

قاش بىلەن كوز جايىدا بولسا،
باشقىسى بازاردا بار.

قىزدىن ئارتۇق جۇۋان بار،
ئاتتىن ئارتۇق غونان بار.

قويغا پىچاق، قىزغا قۇچاق.

قۇلاق كوزدىن ئاۋال ئاشىق بولار.

ئەر ئارسىز بولماس،
يىگىت يارسىز (بولماس).

ئوزى كەتكەن يارەي،
ئوزى كەلگەن يارەي.

ئوزى چىقتى تالاغا،
مىنى قويدى بالاغا.

ئۇزۇككە كوز كىرەك، قىزغا سوز.

## 30. ئائىلە - تۇرمۇش توغرىسىدا

ئادەمنىڭ مېۋىسى — بالا.

ئاخشىمى ئېيتقان سۆز — خوتۇنىنىڭ راست،
كۈندۈزى ئېيتقان سۆز — ئانىنىڭ راست.

ئانا كۆرۈپ قىز ئال،
قىرغاق كۆرۈپ بۆز ئال.

ئاناڭ ئۆگەي بولسا ئوتيۇڭ بۆزۈلار.

ئات ئالساڭ ئاي كېچەش،
خوتۇن ئالساڭ يىل كېچەش.

ئاشناڭغا ئىشىنىپ، ئەرسىز قالما.

بالاڭ ئولسە، ئەرگە باق،
ئېرىڭ ئولسە يەرگە (باق).

بالا تۇغۇلغىچە، تام قۇرۇلغىچە.

بالىلىرىم ئۇششاق، پۇتۇمغا چۇشەك.

بالىلىقنىڭ بالىسىنى باققىچە، ئىشىنى قىل.

بالىلىق ئۆي — بازار،
بالىسىز ئۆي — مازار.

بالىسىزنىڭ مېلى هارام،
ئىمانسىزنىڭ جېنى (هارام).

بار - يوقى بىر بالام، باش - كوزى تاز بالام.

بېشىڭ ئىككى بولمىغىچە، قاچاڭ ئىككى بولماس.

بىرگە تەككەن ياخشى،
ئىككىگە تەككەن پاخشى،
ئۇچكە تەككەن باخشى.

بىر پىلەكتە مىڭ خەمەك.

بويتاقنىڭ ئەقلى ئىككى كوزىدە.

ئېرىڭگە ئىشەنگىچە، ئىشىگىڭنىڭ ئىلغىرىغا ئىشەن.

ئىرى يەكلىگەننى ئىلى يەكلەر.

ئىتىڭ يامان بولسا سىتىپ قۇتۇلارسەن،
دوستۇڭ يامان بولسا قېچىپ قۇتۇلارسەن.
خوتۇنۇڭ يامان بولسا قانداق قۇتۇلارسەن؟

ئىشەك ئالساڭ يىقىندىن ئال،
خوتۇن ئالساڭ يىراقتىن (ئال).

ئىيىق بولسىمۇ ئىردىم بولسۇن.
ئوڭكۇر بولسىمۇ ئۆيۈم بولسۇن.

گوش داڭقانغا توشلۇق،
خىنىم سالتاڭغا (توشلۇق).

خوتۇنى يوقنىڭ خۇدى يوق.

خوتۇن كىشىنىڭ تۇللۇغىدىن،
ئەر كىشىنىڭ بويتاقلىغى يامان.

خوتۇن كىشى تىلى بىلەن تۇل بولار.

خوتۇننىڭ تاپقىنى ئىشىك بىشىدا ئىسىغلىق،
ئەرنىڭ تاپقىنى بوسۇغا تۆۋىگە تاشلاغلىق.

خوتۇننىڭ تۇققىنى كەلسە كۆڭدە گۇرۇچ،
ئەرنىڭ تۇققىنى كەلسە كۆڭدە ئۇرۇش.

خوتۇننى زېرىكتۇرەي دىسەڭ، ھول ئوتۇن ئېلىپ بەر.

خوتۇن قالسا ئەر تاپار،
ئەر قالسا مال تاپار.

خوتۇن قانىتى — ئەر، ئەر قانىتى — ئات.

خوتۇن ئەرگە قارايدۇ، ئەر بەرگە.

ئىسسىق ئۆيۈم — ئىسسىق ئۆيۈم.

ئىشىك كورگەننى ئالما، بوشۇك كورگەننى ئال.

ئىشچان خوتۇن سەھەر تۇرۇپ چېچىنى تارايدۇ.
ھورۇن خوتۇن ۋاقچە تۇرۇپ كۆلۈكنى كولايدۇ.

مېنىڭ ئېتىم بىگىلى،
ئەرگە تەگدىم يىگىلى.

نىكا — ئۆمۈر سودىسى.

ئوتتۇز ئوغلۇم بولغىچە،
ئوسۇغاق ئېرىم بولسىچۇ.

ئوغلۇم بولسا ئوچاقتىك،
قىزلار كېلەر قوچاقتەك.

چوگۇن ئالساڭ چەيچەكلىكنى ئال،
خوتۇن ئالساڭ ئەمچەكلىكنى (ئال).

سېتىۋالمىغىچە كالا بولماس،
تۇغۇۋالمىغىچە بالا (بولماس).

تارىشا ئوتۇن — ئوتۇن ئەمەس،
ئاغىچا خوتۇن — خوتۇن ئەمەس.

تاز دىمەي تىگىۋال، ماز دىمەي كىيىۋال.

تېپىشمىغىچە ئېلىشماس.

تىرىكچىلىكنىڭ بەركىتى ياخشى خوتۇن بىلەن.

ياخشى خوتۇن تۇل ئەمەس،
تۇل بولسىمۇ يىل ئەمەس.

ياخشى خوتۇن يامان ئەرنى ئەر قىلار،
يامان خوتۇن ياخشى ئەرنى يەر قىلار.

ياخشى خوتۇن ئەرگە دولەت.

ياخشى خوتۇن ئەرنىڭ قولىدا.

يالغۇز ئوتۇن يانمايدۇ،
يالغۇز قوبىۇن ئىسسىمايدۇ.

يامان خوتۇن ئالغىچە،
بويتاق يۈرگىن ئۆلگىچە.

يامان خوتۇن — ئۈزۈلمەس تاسما،
ئۈنداق تاسمىنى بوينۇڭغا ئاسما.

يىپىىشقان خوتۇندىن قاچ،
قاچقان خوتۇننى قوغلا.

بەر بۇزۇلسا بۇدۇشقاق بولار،
خوتۇن بۇزۇلسا تۇرۇشقاق (بۇلار).

ھاپىىنىغا شاپىنى، توڭگۈرلۇقتا مەرەزدا.

AltunOq

ھېيتتا خوتۇن ئالما،
يامغۇردا ئات (ئالما)·

ھېيتتا خوتۇن ئالما،
قاراڭغۇدا ئوتۇن (ئالما)·

ھەر كىم ئۆز ئۆيىدە پادىشاھ·

قاپىغى ئۇششۇق — ئوزىگە تۇشلۇق·

قارا قازاننىڭ ئېشى تاتلىق·

قارا قازان قەيەردە بولسا، مەن شۇ يەردە·

قازان ئالساڭ چېكىپ ئال،
خوتۇن ئالساڭ بىلىپ ئال·

قازانغا چومۇچ كېرەك، تاۋاققا قوشۇق (كېرەك)·

قىز بالا — ئۆيىنىڭ گۈلى·

قىزى بارنىڭ نازى بار·

قىزلىق ئۆيگە قىرىق ئات باغلىنار·

قىزلىق ئۆي — خان كوۋرۇگى.

قومۇش ئۆيۇم — كۈمۈش ئۆيۈم.

ئەر كۆڭلىسە ئۆي تۈزۈلىدۇ،
خوتۇن كۆڭلىسە ئۆي بۇزۇلىدۇ.

ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، يەر قىلغانمۇ خوتۇن.

ئەرنىڭ جەددى توردە ئولتۇرۇپ ئاچ چىقار،
خوتۇننىڭ جەددى مانتىدا ئولتۇرۇپ توق چىقار.

ئەر قەيەردە بولسا، خوتۇن شۇ يەردە.

ئەسكى چاپان يامغۇردا ياخشى،
ئەسكى خوتۇن ئۆلگەندە (ياخشى).

ئۆيدىن ئۆيگە كوچسەڭ، ئوغلاقلىق ئوشكە زىيان.

ئۆيدە خوتۇن بولمىسا بوران چىقىدۇ.

ئۆيى باشقىنىڭ مۇڭى باشقا.

ئوينىڭ چوڭى بولمىسا، ئوشكىنىڭ ئېتى ئابدۇ-
راخمان.

ئوينىڭ ئولچىگى بار،
ئوتتۇرىسىدا كولچىگى (بار).

ئوي تۇتمىغاننى ئويۇڭگه يولاتما.

ئوي تۇتساڭ بالاغا قالدىڭ،
تۇتمىساڭ تالادا قالدىڭ.

ئويۇم ھېيتتىكىدەك بولسا،
ئېرىم توي كۈندىكىدەك (بولسا).

ئوز ئويۇمنىڭ خۇشلۇغى،
پۇت - قولۇمنىڭ بوشلۇغى.

## 31. ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇققان ۋە خولۇم-خوشنا توغرىسىدا

ئاكا بار يەردە ئىنى يوق.

ئاكا-ئىنى يامان دەپ،
تۇققاننى نەدىن تاپىسەن؟

ئاكاڭ بىلەن ئويناشما، شىللى پاتاڭ يەيسەن،
ھەدەڭ بىلەن ئويناشما، خېمىر تۇرۇچ يەيسەن.

ئاكا-ئۇكىنىڭ ئازارى بولسىمۇ، بىزارى يوق.

ئانا ئايىغىدا جەننەت بار.

ئاچلىقتىن ئۆلسەڭمۇ، ئاتا-ئاناڭنى تاشلىما.

ئاتا-ئانام بولسا، ئاغزى-بۇرنى بولمىسا.

ئاتا-ئانام يانچۇغۇمدا،
ئۇرۇق-تۇققان ساندۇغۇمدا.

ئانا ـ ئاناڭنى باقساڭ، بالىلىرىڭدىن خوۋلۇق
كورىسەن.

ئاتا بولمىغان ئاتا قەدرىنى بىلمەس.

ئاتامنىڭ تاپقىنى ئانامنىڭ بارىكاللىسىغا يەتمەپتۇ.

ئاتاڭنىڭ باغ ھويلىسى بىلەن قالغىچە،
ئاناڭنىڭ پىلتە سۈنتى بىلەن قال.

ئاتاڭغا نېمە قىلساڭ، بالاڭدىن شۇنى كورىسەن.

AltunOq

ئاتا قارغىشى ئوق، ئانا قارغىشى دوق.

ئاتا ئۆلمەي ئاتا قەدرىنى بىلمەس.

ئاتىلىق ئوغۇل ــ خوجىلىق قۇل.

ئاتىنىڭ كوڭلى بالىدا،
بالىنىڭ كوڭلى دالىدا.

ئاغىدا قالدىڭ ــ ئېغىلدا قالدىڭ،
يەڭگىدە قالدىڭ ــ يېغىدا قالدىڭ.

باجا باجىنى كورسە، تاپىنى قىچىشىپتۇ.

بالا بالا بولغىچە، ئانىسى ماما بولار.

بالا بار چاغدا ئاتا ـ ئانا ئوغرى بولار.

بالا بىزنىڭكى، ئەقىل ئوزىنىڭكى.

بىر كورگەن تونۇش، ئىككى كورگەن تۇققان.

خوشنا بولساڭ يولەك بول،
بولمىسا بولەك بول.

خوشنامنىڭ خوشنامغا ياخشى كورۈنەر.

ئىككى يەڭگە ئەپ ئەمەس،
ئوپكە ـ قېرىن گوش (ئەمەس).

كويۇمى يوق تۇققاندىن يات ياخشى،
ئىسسىغى يوق كاڭدىن كات ياخشى.

كوزدىن يىراق ـــ كۇڭۇلدىن يىراق.

كۇلدە تام بولماس، كۇيوغۇل بالا بولماس.

كۆيوغلۇڭ يامان بولسا، قىزىڭدىن كور،
كېلىنىڭ يامان بولسا، ئوغلۇڭدىن كور.

كۆيوغۇل كەلدى — خان كەلدى.

مەن كويەرمەن بالامغا،
بالام كويەر بالىسىغا.

ئوڭ قولۇم، سول قولۇم،
ئىككىلىسى ئوز قولۇم.

ئوتنى كوچىلىساڭ ئوچەر،
خوشنىنى كوچىلىساڭ كوچەر.

ئويناشسا ئۆكىسى ئۆتار،
چىڭداشسا ئاكىسى (ئۆتار).

ئوغاق تۇتۇپ ئاتاڭ قالغىچە،
ئويماق تۇتۇپ ئاناڭ قالسۇن.

ئوغلى بارنىڭ ئوزى بار،
قىزى بارنىڭ ئىزى بار.

ئوغلى بار — ئوغۇلدىن كۆلمە،
قىزى بار — قىزدىن (كۆلمە).

ئوغلۇمنىڭ بالىسى — ئۆزەمنىڭ بالىسى، يات قىلا-
غان ئانىسى.

ئوغلۇم يەپ ئوۋغا كەتتى،
قىزىم يەپ قىرغا (كەتتى).

ئوغلۇڭ چوڭ بولسا، يىگىتلىگىنى ئالار،
قىزىڭ چوڭ بولسا، چوكانلىغىنى (ئالار).

ئوغۇل ئاتىنى دورايدۇ، قىز ئانىنى.

ئوغۇل دادىنىڭ، قىز ئانىنىڭ.

پىيازنىڭ كوكىگە قارىما، بېشىغا قارا؛
ئوگەينىڭ گېپىگە قارىما، بەرگەن ئېشىغا (قارا).

سىردىشىشقا ئوز ياخشى،
سوپۇشۇشكە يات (ياخشى).

سەن تېرىيسەن، بالىلىرىڭ ئورۇيدۇ.

تاز بولسىمۇ مېنىڭ ئاتام.

تاغامدىن تاغار ياخشى،
هامىمامدىن باداڭ (ياخشى).

تۇققاننىڭ بېغى چىلىڭ يەردە.

تۇققان يىراقتا بولسا ئىزلىشىدۇ،
يېقىندا بولسا چىشلىشىدۇ.

توت ئوشكىسى بار ئادەمگە باغۋەنلىكنىڭ نىمە كېرىگى،
توت ئوغلى بار ئادەمگە ياخشى ئاتنىڭ نىمە كېرىگى.

ئۇرۇق ـ تۇققاننىڭ بېرى ياخشى،
بۇگۈن قىچقارسا، ئەتە "هە" دىسىمۇ.

ئۇرۇق ـ تۇققاننىڭ ئۇرۇشى —
تاۋا ـ توقىنىڭ يىرتىلىشى.

ئۇرۇق ـ تۇققاننىڭ يىرىغى ياخشى،
ئوتۇن ـ ياغاچنىڭ يېقىنى (ياخشى).

ئۇرۇق ـ تۇققان تېپىشار.

ۋاپاسىز قېرىنداشتىن،
ۋاپادار ئاشنا ياخشى.

ياتنىڭ ئوتىنى پۈۋلەپ ساقىلى كويۈپتۇ.

ياتنىڭ ياندىن ئوتەر، تۇققاننىڭ جاندىن.

ياتنىڭ يېغى چىقماس.

يات يىگىچە، تۇققان ئولگىچە.

يېغى ياندىن قوپار، بالا قېرىنداشتىن.

يىراقتىكى تۇققاندىن يېقىندىكى خوشنا ياخشى.

هەر گۈلنىڭ پۇرىغى باشقا.

قاغا ئېيتار: ئاپپاق بالام،
كىرپە ئېيتار: يۇمشاق بالام.

قېرىنداشتىن قارىنىم ياخشى.

قىزىمنىڭ بالىسى — ئوزەمنىڭ بالىسى،
ئوغلۇمنىڭ بالىسى — ۋاي ئۇنىڭ ئانىسى!

قىزنى ئانىسى ساقلىسۇن، ئوغۇلنى ئاتىسى.

ئەتىگەن تۇرۇپ خوشناڭغا باق.

ئەتىيازنىڭ ئاپتىۋىغا كېلىنىڭنى سال،
كۈزنىڭ ئاپتىۋىغا قىزىڭنى (سال).

ئۆگەي ئانىنىڭ قۇشلىغىنىدىن،
ئۆز ئانىنىڭ مۇشتلىغىنى ياخشى.

ئۆگەيىنىڭ ئېتى قۇرۇسۇن،
ئاپتاپتا يېتىپ كوتى (قۇرۇسۇن).

ئۆي سېتىۋالما، خوشنا سېتىۋال.

ئۆيۈڭدىكى ئەھۋالنى خوشناڭدىن سورا.

## 32 . توي - توكۈن ۋە مېھماندوستلۇق توغرىسىدا

ئايدا كەلگەنگە ئاياق،
كۈندە كەلگەنگە تاياق.

بالدۇر بارغان گوش يەر،
كېيىن قالغان مۆشت يەر.

بارار يېرى بولمىغان باجىسىنىڭ ئۆيىگە بارار.

بارماقنىڭ كەلمىگى بار.

بارنى ئايىما، يوققا كايىما.

بارىغا پەتە، يوقىغا ئەتە.

بەرمەس قىزنىڭ تويلۇغى ئېغىر.

بۈگۈن مېھمان، ئەتە خىمان.

— ئېتىمنى نەگە باغلايمەن؟
— ئۈيگە كىرسىلە دىگەن تىلىمغا باغلىسىلا.

ئېيتماقنىڭ ئېتى ئۇلۇغ.

ئېيتقان يەردىن قالما،
ئېيتمىغان يەرگە بارما.

گايى چاغدا مېهمان كېلىدۇ مانتا، پولۇ ئەتكىدەك،
گايى چاغدا مېهمان كېلىدۇ يۇگۇرۇپ قوپۇپ تەپكىدەك.

كېلىش — مېهماندىن،
كېتىش — ساهىپخاندىن.

كىيىمىڭگە قاراپ قارشى ئالىدۇ،
ئەقلىڭگە قاراپ ئۇزىتىدۇ.

كەل دىمەك بار، كەت دىمەك يوق.

كەلگىچە مېهمان ئۇيۇلىدۇ،
كەلگەندىن كېيىن ئوي ئىگىسى.

كۇتكەندە مېهمان كەلمەس،
ياسانغاندا يىغا (كەلمەس).

مېھمان ئاتاڭدىن ئۇلۇغ.

مېھمان ئاز ئولتۇرار، كوپ سىنار.

مېھمان بار چاغدا مۈشۈكنى پەش دىمە.

مېھمان مېھماندىن قىزغىنىدۇ،
ئوي ئىگىسى ھەر ئىككىسىدىن.

مېھماننىڭ مەسلىگى — كەيىپ،
ساھىپخاننىڭ مەسلىگى — ئەيىپ.

مېھماننى ئويگە سولاپ،
ئوزى يۇرەر ئەر سوراپ.

مېھماننىڭ ئالدىغا ئاش قوي،
ئىككى قولىنى بوش قوي.

مېھماننىڭ ئېتى بەسى،
بەش كۇندىن ئاشسا سېسى.

مېھماننىڭ ئىززىتى قىلدىن ئىنچىكە.

مېھماننىڭ ئوزىنى باققىچە، ئېتىنى باق.

مېهمان سوراپ يىمەيدۇ.

مېهمان قويدىن يۇۋاش.

مىلەپ يىگەن مېهماندىن قورق.

ئوۋلى ئوۋلا ئوۋچى بىلەن،
تويىنى ئوينا تويچى بىلەن.

چاقىرمىغان مېهمان ــ قېرى قىزدىنمۇ يامان.

سېرىق تالدا كەلگەن مېهمان ــ
ئوغرى كىرگەندىنمۇ يامان.

سوراپ بەرگىچە، ئۇرۇپ بەر.

توي بانىسى بىلەن تون پۈتتى.

تويدىن يامانلىساڭ، توي قىلىپ كور.

توي دىسە، قۇرۇق كالا يۇگۇرۇپتۇ.

توي ـ خۇدانىڭ غەزنىسى.

تويىنىڭ بولغىنىدىن، "بولىدۇ"سى قىزىق.

تويغا بارساڭ بۇرۇن بار،
بۇرۇن بارساڭ ئورۇن بار.

تويغا بارساڭ تويۇپ بار،
بوز خالتاڭنى قويۇپ بار.

تويغا بارساڭ تويۇپ بار،
بەش بالاڭنى قويۇپ بار.

تويغا بارساڭ تويۇپ بار،
تاۋا ـ توقا كىيىپ بار.

تۇرمىغان مېھمانىڭ كەتكىنى ياخشى،
ساقايمىغان ئاغرىقنىڭ ئۆلگىنى (ياخشى).

تورنى ئالغان ھېساپ ئەمەس، زەللە ئالغان ھېساپ.

ئۇياتلىق مېھمان كەلگەندە نان تۈگەپتۇ.

ياخشى مېھمان ئاش ئۈستىگە كېلەر،
يامان مېھمان گەپ ئۈستىگە.

يامان قىزغا ئانىسى ئەلچى.

قىش ئۈچىغى تار،
قوپ، ئويۇڭگە بار.

قىز بالىنىڭ يىغلىغىنى ــ نازلىغىنى.

ئويىدە ئۆگرە پىشۇرمىغان تويىدا پولۇ پىشۇرار.

ئوي ئىگىسىنى ياخشى كورسەڭ، ئىتتىغا سوڭەك سال.

ئويۇڭ تار بولسىمۇ، كوڭلۇڭ كەڭ بولسۇن.

ئوزى كەلگەن مېھمان ــ خۇدايى مېھمان؛
قىچقارغان مېھمان ــ بالايى مېھمان

ئوزى كەلسە كەلسۇن،
بوز خالتىسى كەلمىسۇن.

## 33. سەپەر ۋە يولداشلىق توغرىسىدا

ئاستا ماڭغانمۇ ماڭغان،
توختاپ قالغان يامان.

ئاستا يۈرگەن تاغ ئاشار،
يۈگۈرگەن باغ (ئاشار).

بالا بەلدە، خوتۇن يولدا.

بىلگەن يولۇڭنى ئاتاڭغا بەرمە.

بىر كۈنلۈك يولداشقا قىرىق كۈن سالام.

بوسۇغا — داۋان.

ئىت بىلەن يولداش بولساڭ،
قولۇڭدىن تاياق چۈشمىسۇن.

ئىت هۈرەر، كارۋان يۈرەر.

كىچىسى يول ماڭساڭ، تاڭ ئاتقاندا خوشال بولىسەن.

كەتكەن كېلەر، كەتمەنلىگەن كەلمەس.

ماڭغان دەريا، ياتقان بورىيا.

ئوت كورۈنگەن يەرگە بارما،
ئىت هاۋشىغان يەرگە بار.

ئوزۇقلۇق ئات هارماس.

ئۇزۇن بولسىمۇ تۈز يول ياخشى

يامان بىلەن يولداش بولما،
نادان بىلەن سىرداش بولما.

يامان يولداشتىن تاياق ياخشى،
يامان ئاتتىن ئاياق (ياخشى).

يامان يولداشتىن يالغۇزلۇق ياخشى.

ياياق كىشىگە يانچۇقمۇ ئېغىر.

يەل يۈر، ئامان يۈر.

يول ئازاۋى — گور ئازاۋى.

يولداش يولدا سىنىلار.

يولدا قوشۇلغان يولداش ئەمەس.

يول سورىماي يولغا چىقما.

يولغا چىقساڭ ئەتىگەن چىق.

قاشاڭ ئات مىنگىچە،
پىيادە ماڭ ئۇلگىچە.

AltunOq

## 34. غېرىپلىق، مۇساپىرلىق ۋە يېتىملىك توغرىسىدا

ئالتۇن باشلىق ئاتاڭ بىلەن قالغىچە،
پاخما باشلىق ئاناڭ بىلەن قال.

ئاتىلىق يېتىم — كۆل يېتىم،
ئانىلىق يېتىم — گۆل يېتىم.

ئاتىسى ئۆلگەننىڭ يەتتە يىل ياقىسى يىرتىق.

بودۇنەمنىڭ ماكانى يوق،
نەگە بارسا ۋىتىۋالاق.

دو غېرىپنى ئوراپتۇ، ئومۇچۇك مۇساپىرنى.

كىشىنىڭ يۇرتىغا كىشى كېلىدۇ،
مۇنداق خاپا قىلسا كىم كېلىدۇ؟

مۇساپىر بولمىغىچە مۇسۇلمان بولماس.

مۇساپىر ئۆتىنىڭ قۇيرۇغى ئىچكىرى.

يېتىم بولۇڭدا، تېرىق تولۇمدا.

يېتىمغا ئاق كوينەك كىيگەندە ھېيت بولار.

يېتىم — خۇداغىمۇ ئوگەي.

يېتىمنىڭ ئاتىسى يوق،
بېلىدە پوتىسى (يوق).

يېتىمنىڭ ئاتىسى يەتتە.

يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەككەندە، بېشى تاشقا تېگىدۇ.

يېتىمنىڭ كۈنى قانچىدۇر،
چۈشىگە مۇنارنى يولەتكۈنچىدۇر.

يېتىم تايىدىن يورغا چىقار،
يېتىم بالىدىن دوغا (چىقار).

يېتىم ئوز ئىشىنى يەيدۇ،
كىشىنىڭ مىننىتىنى تارتىدۇ.

غېرىپنىڭ تەلىۋى ئىجاۋەت.

غېرىپنىڭ ھالىغا غېرىپ يىتەر.

غېرىپسۇنساڭ ئوت سۇن.

ھوپۇپ دوڭگە چىقسا قۇش يەر،
يېتىم دوڭگە چىقسا مۇشت (يەر).

## 35. تاماق ۋە يېمەك - ئىچمەك توغرىسىدا

ئالما يەپ دەرت تارتقىچە،
ئۆرۈك يەپ ئۆلگەن ياخشى.

ئارتۇق تۈزلاش ئازدىن يامان.

ئاۋال تائام، ئاندىن كالام.

ئاش كەلسە ئاغزىڭنى ئاچ،
سۆ كەلسە سۆڭگۈچنى.

ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ.

ئاش كەلسە قوساق ئاچار.

ئاشنى تاختىغا ئالغىچە،
چاپاننى پاختىغا (ئالغىچە).

ئاش نەرقى ئاسمان.

ئاش — پەيغەمبەر، نان — ئەۋلىياء

ئاش يوق — ئىشتەي يوق.

ئايدا يىگەن توق بولار،
كۈندە يىگەن ئاچ (بولار).

بۇغداي نېنى ياخشى،
ئېيتقۇزىدۇ ناخشى.

گوشنى يىسەڭ چىشقا كىرىدۇ،
يىمىسەڭ چۈشكە (كىرىدۇ).

خوش - خوش دەيسىز، موك - موك يەيسىز.

جېنى بارنىڭ گېلى بار.

كۈزنىڭ قېتىغىنى كۈيوغلۇك كەلسىمۇ بەرمە.

پىشمىغان ئاشتىن خام كاۋا ياخشى.

پولۇ قورۇشتىن، شورپا سورۇشتىن.

چاينىماي يۇتقان تاماقنىڭ تەمى يوق.

چوچۇرە چورۇلگىچە، ئۇگرە ئورۇلگىچە.

چوچۇرە كولدە پىشار، مانتا چولدە.

چوچۇرە يىمەكتىن مەقسەت گوش يىمەك.

شاپاق ـ شالتاقنى يە، كوتەرمە.

شەيتاننى: توپا يەمسەن؟ ـــ دىسە، يېغى بارمۇ؟ دەپتۇ.

ياتار قوساق — كېتەر قوساق.

ياغ يەپ يالىڭاچ يات.

يىگەن كورۇنمەس، كىيگەن كورۇنەر.

يىگەننىڭ يېلى بار، يىمىگەننىڭ دەردى.

يەپ تۇر، بەك تۇر.

قوساق دىگەن شىرە، يىسە كىرەر.

قوساقنىڭ مەيلىچە بولسا،
ئابرويۇڭنى قوشۇپ يەر.

قۇرۇق سۆدىن كاچات ياخشى.

قـۇشناچىمنىڭ ئـىشىنى ئـوخشاتقان مـوللامنىڭ ئـوتنىپشى.

ئەتكەن ئىشىڭ شۇ بولسا،
ئىسسىتقان ئىشىڭ نىمە بولار.

ئۇگرە ئەتسەڭ تۇزۇك ئەت،
ئىتەلمىسەڭ ئۇزۇپ ئەت.

## 36. هايۋانات ۋە نەرسلەر توغرىسىدا

ئادەم زىننىتى — كىيىم،
يەر زىننىتى — دەرەخ،
دەرەخ زىننىتى — يوپۇرماق.

ئاچ ئىتىم — بار ئىتىم، توق ئىتىم — يوق ئىتىم.

ئاساۋ ئات ئادەم ئۆلتۈرەر.

ئات ئاناڭمۇ ئىشەنچ قىلغىلى،
قاق قوزۇقنى باغلىۋەت.

ئات — ئاتاڭ ئەمەس.

ئات ئايىغىنى تاي باسار.

ئات ئايلىنىپ، قوزۇقنى تاپار.

ئات ئازغۇنى تايغا ئەگىشەر.

ئــات بىر قىلىغى يــات.

ئات كالپۇكلۇق بولار، ئادەم بۇرۇنلۇق.

ئاتنى ئات ساقلايدۇ، ئاچنى ئاچ.

ئاتنىڭ خۇيىنى ئىگىسى بىلەر.

ئات ئورۇق بولسىمۇ، يىغىر بولمىسۇن؛
گوش سوڭەك بولسىمۇ، بىغىر بولمىسۇن.

ئات تاپقىچە ئىگەر تاپ.

ئاتتىن ئايرىلساڭمۇ، ئىگەر، توقۇمدىن ئايرىلما.

ئات ياخشى توگىدىن،
توگە ياخشى بىيىدىن،
بىيە ياخشى پىيادىدىن.

ئات يوتەلسە ئوقۇر سال،
كالا يوتەلسە پىچاق (سال).

ئات ھېرىپ قالسا بىر پىچاق،
ئېشەك ھېرىپ قالسا، بىر چوچەك قوناق.

ئات ئەر كىشىگە قانات.

باش — تۇماقنىڭ قېلىپى.

بوغۇزنى پۈتۈن يېسە، ئايىغىدىن تۈتۈن چىقار.

بۇلبۇلغا باغ ياخشى، كەكلىككە تاغ.

ئېتىڭ ئولدى — ئاتاڭ ئولدى.

ئېشەكنىڭ ئوزى هارام، كۈچى هالال.

ئېشەك سەمرىسە، ئوقۇرغا چىچار.

ئېيىق بىلەن بىللە تۇرماق —
ئىزىز جاننى قولغا ئالماق.

خېچىرنىڭ بىكىسىنى سايدا كور،
تاماشىسىنى لايدا (كور).

خۇيىنى بىلمىگەن ئاتقا يېقىن بارما.

ئىتنى چىشلىمەيدۇ، ئاتنى تەپمەيدۇ دىمە.

جانلىقتىن بىلىق يوغان، جانسىزدىن قومۇش.

جۇۋاز ئات بىلەن ياخشى،
تۈگمەن سۇ بىلەن (ياخشى).

كالا ئالساڭ تونۇپ ئال،
بولمىسا تاغىل ئال.

كىشىنىڭ ئېتى ئات ئەمەس،
ئىككى پۇتۇم يات ئەمەس.

كەڭ كىيىم سورىلىپ يىرتىلار،
تار كىيىم تارتىشىپ (يىرتىلار).

كويگەن ئوتنىڭ تۇتۇنى يوق.

ماي قاچىسى سىرتىدىن مەلۇم.

مىلتىق ئىچىگە پۇل تىق.

مورا دىگەن ئەجدىھا.

موزاينىڭ يۇگۇرۇشى سامانلىقچە.

مۇشۇك ئۇخلىسا، چۇشىدە چاشقان كورەر.

ئون تال يىڭنىنى سوقسا، بىر تال تومۇنە بولماس.

ئوچىغىمنىڭ چىشى يوق،
هول ـ قۇرۇق بىلەن ئىشى يوق.

ئوت بار يەردە تۈتۈن بار،
سۇ بار يەردە ئۆتۈن (بار).

پاكار تاغ يايلاقتا يارىماس،
قىسقا يىپ كىلمەككە (يارىماس).

پىل بىلەن دوست بولساڭ، پىلخاناڭنى راسلا.

چوجىنىڭ شۇملۇغىدىن توخۇنىڭ ئەمچىگى يوق.

رەختىنىڭ ياخشىسى تاۋا،
تونىنىڭ ياخشىسى جۇۋا.

سەهەر هۇۋلىغان ئىتتىن قورق.

سىنىمىغان ئاتقا يۈك ئارتما.

سېيىرنى كوندۇرسەڭ، ئۇستى ئولاق، ئاستى بولاق.

تاۋا، دۇردۇن ئاشار، لاي ئاشماس.

تاۋاقنىڭ سىرى كەتسىمۇ، سىنى كەتمەس.

توخۇ توڭغانسېرى دەرەخنىڭ ئۇچىغا چىقار.

توخۇ تويماس، كورگەننى قويماس.

توخۇ ئۇچسا تامغا قونار،
لاچىن ئۇچسا تاققا (قونار).

توگىمۇ توگە، مايىغىمۇ توگە.

توگەڭ نار بولسا، يۈكۈڭ يولدا قالماس.

تومۇرنى كۈيە يىمەس.

ئۇچماس توخۇ، كوچمەس تام.

ياخشى ئىت — يىبىردىم مال.

يۈگەنسىز ئاتنى پالۋان مىنسۇن.

هارۋاڭ سۇنسا ئوتۇن بولار،
كالاڭ ئۆلسە گوش (بولار).

ھوپۇپنىڭ تۇمشۇغى ئۇزۇن،
سىغىزخاننىڭ قۇيرۇغى (ئۇزۇن).

قوغۇننىڭ ئوبدىنى ئۇزۇن پىلەكتە،
چىشىنىڭ ئوبدىنى تۇۋەن ئىگەكتە.

قۇرۇق ياغاچ ئېگىلمەس.

قۇش بالىسى كوككە قارايدۇ،
قوي بالىسى يەرگە.

قۇشقاچ باسقان يەردىن قاچ.

ئوتۇكۇڭ تار بولسا، جاھاننىڭ كەڭلىگىنىڭ نىمە پايدىسى.

## 37. ئىزدىش - ئىزلىنىش ۋە قارشىلىق توغرىسىدا

ئالتە ئاي ئاتقان پاختام بىر چاپانغا يەتمەپتۇ.

ئانت ئىچكۈچىگە كونمىسەڭ، قان ئىچكۈچى كېلەر.

ئارتۇغىنى ئەل ئالسۇن، قالغىنىنى سەل.

ئات ئىگىسىنى ئات كەينىگە مىنگەشتۈرمەپتۇ.

ئاۋالقىسىنى غوجا ئالدى،
كېيىنكىسىنى دوغا (ئالدى).

ئاشلىق كېتىپ چاڭ قالدى،
ماغدۇر كېتىپ جان قالدى.

ئاشقان ـ تاشقان بارات تازىنىڭ.

ئاينىڭ ئونبەشى ئايدىڭ، ئونبەشى قاراڭغۇ.

Altunoq

ئاھ دىسە، ئۆپكىسى كۆرۈنۈپتۇ.

باش يېرىلسا، بۆك ئىچىدە،
قول سۇنسا، يەڭ ئىچىدە.

بېگىمدىن گۇمان بولدى،
ماڭا ئۇۋال بولدى.

بېگىمگە خوشنا بولساڭ، ئەركىن قول بولىسەن.

بېگىمنىڭ خوتۇنى خېنىم بولار.

بېگىمنىڭ كەينىدىن ئالىيۋالاي.

بېگىم چىققى ئوردىسىدىن،
قورقۇپ كەتتىم دوغىسىدىن.

بېگىڭگە يەتكىچە بېلىڭ ئۇشتۇلار.

بېلى ئاغرىماسنىڭ نان يېيىشىگە باق.

بېلىق دەريادا سۇغا تەشنا.

بېرىشتە سانىغى توققۇز،
ئېلىشتا سانىغى ئوتتۇز.

بوغۇزلايمەن دېسەڭ، قويمۇ تېپىرلايدۇ.

بۇ دولەت سەندە تۇرماس،
بۇ مەينەت مەندە (تۇرماس).

بۇرۇن تاغ ئايلىنىپ كەلسە،
ئەمدى باغ ئايلىنىپ كېلەر.

بەش قولنىڭ قايسىسىنى چىشلىسەڭ ئوخشاش ئاغرىيدۇ.

بەش قول تەڭ ئەمەس.

بورە بار يەردە قان بار.

بورە يەپ بەردى، قاغا چوقۇپ بەردى.

بۇگۈن ماڭا كەلدى، ئەتە ساڭا كېلەر.

داپچىنىڭ دېپى سۇنسا، گەردىشى مايمۇنغا ئويۇنچۇق بولۇپتۇ.

دىسە لەت، دىمىسە دەرت.

دەردى يوققا ۋاي چىشىم دىمە.

دەرت بار، دەرمان يوق.

دەرت كەلگەندە دەرمان كېتەر.

دەۋاگەر دەۋا قىلماس،
دەۋا قىلسا قۇرۇق قالماس.

دەۋاگەر سۇس كەلسە، قازى مۇتىھەم بولۇپتۇ.

دەۋا قىلىرىماس، ئالتۇن چىرىماس.

ئىسسىلساڭ دارنىڭ ئىگىزىگە ئىسىل،
پۇتۇڭ يەرگە تەگمىسۇن.

ئىغىز ساقلىغان جاننى ساقلار.

گېلىمدىن ئۆتكىنى غەنىمەت،
ئاغزىمغا گۇمانىم بار.

گۆش بىلەن ياغ بىر تۇتقان،
پىيازنىڭ كويگىنى ـ كويگەن.

خاننىڭ ئاغزى مايمۇن.

خان — قوزۇق، پۇخرا — ئوزۇق.

خوجامنىڭ خوجىسى بار،
چامغۇرنىڭ ئورىسى (بار).

خوجامنىڭ قوسىغى توق،
قۇلى بىلەن ئىشى يوق.

خوپ دىسەڭ ئۇتىسەن،
هوپ دىسەڭ يۇتىسەن.

خۇدا ئۇرغاننى خۇداۋەردى قوشۇپ ئۇرۇپتۇ.

خۇپتەندىن قېچىپ، تەرەۋىگە يولۇقۇپتۇ.

خوشامەتچىنىڭ چىشى بولمىسىمۇ سوڭەك غاجىلار.

ئىككى ئات تېپىشسە، ئارىدا قالغان ئېشەك ئولەر.

ئىچى توشمىسا، تېشىغا چىقماس.

ئىت ئىگىسى بىلەن كۈچلۈك.

ئىتنىڭ ئىگىسى بولسا، بورىنىڭ خوداسى بار.

ئىتنىڭ كوزى بار، خانىغىمۇ قارايدۇ.

جان كۈندە چىچەكلەمدۇ،
قوغۇن كۈندە خەمەكلەمدۇ.

جىم ئولتۇرساڭ موڭ دەيدۇ،
ئىگىز ئولتۇرساڭ دوك دەيدۇ.

كاللا ئۈكلەپ، قۇلاق يەپتۇ،
پاچاق ئۈكلەپ، تۇۋاق يەپتۇ.

كېلىپ كېتىدۇ جاھاننىڭ ئىشى،
نىمە بولدۇڭ دىمەيدۇ كىشى.

كېرىمى كېرىپ بەردى،
رىھمى يىرىپ بەردى.

كىمنىڭ زۇلمى كوپ بولسا، زاۋالى يېقىن بولار.

كىم چاپاننى يېڭى كىيسە،
باي غوجامنىڭ ئوغلى شۇ.
كىم چاپاننى كونا كىيسە،
تامنى تەشكەن ئوغرى شۇ.

كىشىگە قىلغان كىشىدە قالماس،

كىشىگە قىلغان ئوزىگە يانار،

كىشىنىڭ يېرىگە ئىشلەپ،
قالدى لېۋىنى چىشلەپ.

كىشى قايغۇسى ئىنەكتە،
ئوز قايغۇسى يۇرەكتە.

كەڭگە كەڭ دۇنيا، تارغا تار دۇنيا.

كەتمىنىنى مەن چاپسام،
يېتىپ يەيدۇ خان خوجام.

كورگىنىم كوپ، يېگىنىم چوپ.

كوتىرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال.

ماڭا قىلدىم دەمسەن، ئۆزەڭگە قىلىسەن.

مېلى بارنىڭ مېلىغا،
مېلى يوقنىڭ جېنىغا.

مېنىڭ ئىدى، سېنىڭ بولدى،
تىلىۋىدىم، دورا بولدى.

مىننەتلىك ئېشىڭدىن قارنىمنىڭ ئېچى ياخشى.

مىڭلىققا بورە تەگسە، بىرلىككە پىچاق ئېلىپ يۈگۈرەر.

مىڭلىققا كەلمەي، بىرلىككە كېلىپتۇ.

مۈشۈككە ئويۇن، چاشقانغا قىيىن.

نامازدىگەردە ئىش تۈگەر،
ئىشى تۈگىمىگەن باينىڭ بېشىغا مۇشت تېگەر.

ئۆك ئاياق ـــ سول ئاياق،
بىزنى قىلدىڭ توم تاياق.

ئوڭدا ياتقان گىردە يەر،
كەتمەن چاپقان جىگدە (يەر).

ئون خوجايىندىن بىر يالاقچى يامان.

ئوت قويسا ئامبال يوق سوراق،
پۇخرا ياقالىمامدۇ چىراق؟

پادىشا ئادىل بولسا، پۇخرا مايىل بولار.

پادىشانىڭ كوزىدە بولغىچە، كوڭلىدە بول.

پادىشا قەرزدار بولسا، ئەرزىڭنى خۇدا ئاڭلىسۇن.

پاقىنىمۇ دەسسىسە "ۋاق" دەيدۇ.

پىچاقنى ئاۋال ئوزەڭگە سال،
ئاغرىمىسا كىشىگە (سال).

چاپىنى بارغا مۇشت ئاتاي،
جۇۋىسى بارغا تو كەتسۇن.

چىراق تۇۋى قاراڭغۇ.

چەككىنىم جەۋرى ـ جاپا،
ئاڭلىغىنىم تەنە ـ تاپا.

روزىدا گۇنا يوق، ھەممە گۇنا باراتتا.

روزىنى مەن تۇتسام، ھېيتنى باشقىسى ئوينىدى.

سا چوجىنىڭ چۇكۇلدىغىنىغا خوش.

سانىڭ چوجىگە ئىچى ئاغرىماس.

ساپال ئۇچۇن ساق قالغىچە،
گوھەر ئۇچۇن كۇكۇم تالقان بول.

ساقالدىكى ئاشقا قوساق تويماس.

سوراقچىدىن تۇگچى يامان.

سۇ باشتىن لاي.

سۇلتان كۇندۇزنى كېچە دىسە، كۇننى ئاي دىگۇلۇك.

سۇ ئەكەلگەن خار، كوزا سۇندۇرغان ئېزىز.

سۆزلىسەڭ تىلىڭنى كېسىمەن،
قارىساڭ كۆزۈڭنى تېشىمەن.

تاختا تىلدىم ئەگرى-توقاي،
چېچىمدىن تولا خوجايىن،
قايسىبىرىدىن قورقاي.

تالا مۈشۈكى ئۆي مۈشۈكىنى قوغلاپتۇ.

تاماق بېرىپ، تامىغىدىن ئىلىپتۇ.

تايىقىنى ناماقۇللۇقتىن ئاشماپتۇ.

توپىغىمنى كىچىك دىسەڭ،
يوغان تاغار ئارتىپ كۆر.

تۇمىغىنى ئال دىسە، بېشىنى كېسىپتۇ.

تەڭشەلمىگەن ئالەم.

تۆمۈرنى دات يەيدۇ،
يۈرەكنى ھەسرەت (يەيدۇ).

تۈۋردىكى بىلەن چېقىشقىچە،
بوسۇغىدىكى بىلەن چىقىش.

تۇتۇنىنىڭ ئاچچىغىنى مورا بىلەر.

ئۇن يوق دىسە، زاڭ دەيدۇ،
هاردىم دىسە، ماڭ دەيدۇ.

ئۇينىڭ مۇڭگۈزىگە ئۇرسا، تۇۋىغى سىقىرار.

ئۇزۇننى قويۇپ، قىسقىنى كەس.

ۋاقتى كەلگەندە خانمۇ تەختتىن چۈشىدۇ.

ۋاپا — تاق، جاپا — جۈپ.

ياخشىغا كۆن يوق، يامانغا ئۆلۈم (يوق).

يالاقچى يالاپ تويماس،
غالچا غاجىلاپ (تويماس).

يالاقچى يالاق بىلەن ماڭىدۇ،
تېجىمەل تاياق بىلەن ماڭىدۇ.

يامان بولساڭ ئاسىدۇ،
ياۋاش بولساڭ باسىدۇ.

يامان كورگەن ياغاچ مىچىتنىڭ ئوتتۇرىسىغا تۈۋ-
رۈك بولۇپتۇ.

يامۇلنىڭ ئىشىگى يۇچۇن،
كىرەلمەيسەن پۇلۇڭ يوق ئۇچۇن.

يامغۇردىن قېچىپ، مولدۇرگە يولۇقۇپتۇ.

يارىنىڭ ئۇستىگە تۇز سېپىپتۇ.

ياش توككىچە، مۇشت تۇگ.

ياقىلار ئىنەك بولدى، ئىنەكلەر ياقا.

يېڭى بايغا قەرزدار بولما،
مەنسەپدار بىلەن ئاغىنە (بولما).

ئىلاننىڭ تېشى سىلىق، ئىچى زەھەر.

ئىلاننىڭ توشۇگى تۇز، ئوزى ئەگرى.

ئىلاننىڭ يامان كۆرگەن ئۆتى ئاغزىغا چۈشۈپتۇ.

ئىلان ئۆزەم ئەگرى ئەمەس، يولۇم ئەگرى دەر.

يىراقتىكى سۇدا ئۇسسىزلىق قانماس.

يولدىن چىقما، خاندىن قورقما.

يەرسىز ئىدىم، يەرلەندىم،
توقماق ئىدىم، پەملەندىم.

يۈز كۈن يەلپۈگەن غالچا،
بىر كۈن يەلپۈگەن ئاغىچا.

زالىمنىڭ زۇلمىدىن ساقلا،
پادىشانىڭ ھوكمىدىن (ساقلا).

زامان ساڭا باقمىسا، سەن زامانغا باق.

زامان تۈزەلسە، يامانمۇ تۈزىلەر.

زامانە زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ.

زىغىر تەرمىگەن يەر قالماپتۇ،
بەگ بولمىغان ئەر (قالماپتۇ).

ھالاللىنى خۇدا بەرمىسە، ھارام يىمەي ئۆلەيمۇ.

ھالىم پەرىشان، كىيگىنىم تېرە ئىشتان.

ھالۋىنى ھېكىم يەر، تاياقنى يېتىم.

ھاڭرىمىغان ئېشەكتىن ئالۋاڭ ئاپتۇ.

ھېيتاخۇن روزا تۇتۇپ،
روزاخۇن ھېيت ئوينايتۇ.

ھەركىم قىلار ئۆزىگە،
يىڭنە سانچار كۆزىگە.

ھەقىقەت ئېگىلەر، سۇنماس.

قاپ قوپۇپ تاغارنى يۆلەپتۇ،
ئاغرىق قوپۇپ ساقنى.

قاراڭغۇ دەپ ھاڭۋاقما،
يورۇقلۇقنى ئىزلەپ تاپ.

قارغۇياپىلاقنى تاشقا ئۇرسىمۇ ئۇلىدۇ،
تاش بىلەن ئۇرسىمۇ ئۇلىدۇ.

قايغۇدىن كېيىن خۇشاللىق ياخشى،
خۇشاللىقتىن كېيىن قايغۇ يامان.

قازاننىڭ گۇۋاچىسى چومۇچ.

قازىنىڭ ئوردىسىدىن قېچىپ،
پادىشانىڭ تۇگلۇگىدىن چۈشۈپتۇ.

قاغىنىڭ كوزىنى ئاغا چوقۇماس.

AltunOq

قېتىق ئىچكەن قۇتۇلدى،
تاۋاق يالىغان تۇتۇلدى.

قىلدەك ھوقۇقنىڭ پىلدەك كۈچى بار.

قولى سۇنۇقنىڭ دەردىنى قولى سۇنۇق بىلەر.

قولنى كەسمىگىچە قان چىقماس.

قوساقتا نان بولسا، بىلەكتە جان.

قوشتا يوق، ماشاقتا يوق، خاماندا بار.

قوي ئۆلەمدۇ، قوزىمۇ؟
كۆپ سۇنامدۇ، كوزىمۇ؟

قۇلنى "باركاللا" ئۆلتۈرەر.

قۇلنىڭ قۇلى، قۇلاقنىڭ تۈۋى.

ئەجىلى يۈتكەن قۇزغۇن قارچۇغا بىلەن ئوينىشار.

ئەسكى چاپان ئىچىدە ئادەم بار.

ئەسكى تامدا قۇشقاچ تولا،
نامراتقا پۈتلاش تولا.

ئوكۇزنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن،
موزاينىڭ بېشىغىمۇ كېلىدۇ.

ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك.

ئۆلەر ئىت پالتىدىن قورقماپتۇ.

ئۆلۈمگە تۇتىدىغانمۇ پۇل،
ئۆلۈمدىن قۇتقۇزىدىغانمۇ پۇل.

ئۆلىمەن دىسە، مىنىمەن دەيدۇ.

ئۆشكىگە جان قايغۇ،
قاسساپقا ماي (قايغۇ).

ئۆشكىنىڭ دائىم ئوچۇق تۇرسا ھىچ گەپ يوق،
قوينىڭ بىر قېتىم ئېچىلىپ قالسا، ھۈيت ـ ھۈيت.

ئۆشكىنى ئۆز ئايىغى بىلەن ئاسار.

ئۆزى ئۆلۈپ، ئۆزى يىغلاپتۇ.

## 38. بايلىق ۋە كەمبەغەللىك توغرىسىدا

ئادەم ئەسكىسى ئەمەس، كىيىم ئەسكىسى.

ئاكىسى پۇل، چىمەندە گۇل.

ئالتۇنلۇق ئۆيدە جان دەركا.

ئاچ ئىيىق ئوينىماس.

ئاچ كىشىنىڭ ئاچچىغى يامان.

ئاچنىڭ دەردىنى توق بىلمەس.

ئاچچىق ـ تاتلىقنى تېتىغان بىلىدۇ،
يىراق ـ يېقىننى يۈرگەن (بىلىدۇ).

ئاچ قالغان تاماق تاللىماپتۇ.

ئاچقا قازان ئاستۇرما،
مۇزلىغانغا ئوت ياقتۇرما.

ئاچ ئويدە قېتىق ئۇيۇماس.

ئاتا كەمچىلىگى يوق، لاتا كەمچىلىگى.

ئات ئېغىنىغان يەردە تۈك قالىدۇ.

ئاتلىق پىيادىنىڭ ھارغىنىنى بىلمەس.

ئاتمىشنىڭ پۈتەر، ئالتىنىڭ قالار.

باي بالىسى ئونبەشكە كىرسە باش،
گاداي بالىسى ئوتتۇزغا كىرسىمۇ ياش.

باي بارنى بەرمەس،
كەمبەغەل قاراپ تۇرماس.

باي بايغا باقار،
سۇ سايغا ئاقار.

بايدىن بالا ـ قازا قورقار.

بايدىن ئەمەلدار چىقسا،
كەمبەغەلدىن دانا چىقار.

باي كىشى ھەر نەرسىگە بار ئەمەسمۇ،
يوق كىشى ناسۋالغا زار ئەمەسمۇ.

باي كىيسە، مۇبارەك بولسۇن!
كەمبەغەل كىيسە، نەدىن ئالدىڭ؟

بايلىق بىلەن پېقىرلىق — ئىككىسى ئىككى ئات.

باي مېلىنى سوزلەر، گاداي مۇڭىنى.

بار بارى بىلەن، يوق ھالى بىلەن.

Altunoq

بارلىق بولساڭ بېشىڭنى سىلايدۇ،
يوقلۇق بولساڭ بېشىڭ سىغمايدۇ.

بارلىق بەزدۇرىدۇ،
يوقلۇق ئۆگىتىدۇ.

بارلىق ئوخشىتار،
يوقلۇق قاخشىتار.

بارلىق ياراشتۇرىدۇ،
يوقلۇق تالاشتۇرىدۇ.

بار — نىمىنى دىگۈزمىيدۇ،
يوق — نىمىنى يىگۈزمەيدۇ.

بارنىڭ ئىشى پەرمان بىلەن،
يوقنىڭ ئىشى ئارمان بىلەن.

بارنىڭ مايىغى تېگەر،
يوقنىڭ تايىغى (تېگەر).

بار چاغدا هورى چىقىدۇ،
يوق چاغدا شورى (چىقىدۇ).

باش تىققىدەك ئويى يوق،
چاڭ چىققىدەك مېلى (يوق).

بايدا ئاغامچا، كەمبەغەلدە كۆلا،
باي بولاي دىسەڭ، كەمبەغەلنى بۆلا.

باينى مال باسىدۇ، كەمبەغەلنى بالا.

باينىڭ ئالدى تار، كەينى كەڭ.

باينىڭ ئاغامچىسى بولسا،
كەمبەغەلنىڭ كۆلىسى بار.

باينىڭ بالىسىمۇ ئەركە، كالىسىمۇ (ئەركە).

باينىڭ گوشىدىن، كەمبەغەلنىڭ مۇشتى ياخشى.

باينىڭ ئىشىگىدىنمۇ كىرىدۇ، تۈڭلۈگىدىنمۇ.

باينىڭ كېلىنى بولغىچە،
كەمبەغەلنىڭ قىزى بول.

باينىڭ مۇشۈگى توشقان ئالىدۇ.

باينىڭ پۇلى — ئوچاقنىڭ كۈلى.

باينىڭ توگىچىسى بولساڭ، قۇۋ بولىسەن،
قويچىسى بولساڭ، قۇل بولىسەن.

باينىڭ تورىدە ئولتۇرغىچە،
گادايىنىڭ پەگاسىدا ئولتۇر.

باينىڭ غەزنىسى — نامرات.

باي تولا يىسە خوردان دەر،
نامرات تولا يىسە ئوپقان دەر.

باي تۇرىدۇ باشتا،
گاداي تۇرىدۇ ئاياقتا.

باي يوقالغىنىغا قايغۇرىدۇ،
بوره قالغىنىغا (قايغۇرىدۇ).

بايغا باققان قۇل بولار،
كەمبەغەلگە باققان گۈل بولار.

بايغا كۈندە بايرام، كۈندە توي،
كەمبەغەلگە كۈندە قايغۇ، كۈندە ئوي.

باي قەيەردە بولسا، ۋاي شۇ يەردە.

بىرى ئالتۇن تاۋاقتا نان يەر،
بىرى نان ئۈچۈن جان بېرەر.

بىرى پۇل يىغسا، بىرى خالتا تىكەر.

بىرى تويۇپ سەكرەيدۇ،
بىرى توڭۇپ (سەكرەيدۇ).

بىر يولۋاسنىڭ ئۆلۈكى يۈز تۈلكىنى تويدۇرار.

بولسا، ھەر نىمە ئوخشايدۇ.

بۇلۇتنىڭ قەدرى يوق ئاي يېنىدا،
پېقىرنىڭ قەدرى يوق باي يېنىدا.

بورىنىڭ قازىنى يوق،
خام يەپ ئولگىنى يوق.

دادامغا يوق پۇرچاق ئانامغا نەدە.

گادايىنىڭ بالىسى — بايىنىڭ كالىسى.

گوش كورمىگەنگە ئوپكە تاڭسۇق.

ئىتتىن سوڭەككە قەرزدار،
چاشقاندىن كىپەككە (قەرزدار).

جايى يوقنىڭ جېنى يوق.

كانايغا يوق، سۇنايغا نەدە.

كىكەچ بولسىمۇ بايىنىڭ بالىسى سوزلىسۇن.

كەمبەغەل بولساڭ كوچەپ باق.

كەمبەغەل ئىشلەپ ھارماس،
باي چىشلەپ (ھارماس).

كەمبەغەللىكنىڭ ھايىنى يوق،
تاپقان پۇلىنىڭ تايىنى (يوق).

كەمبەغەلنىڭ مۇشۇكى چاشقان تۇتسا،
باينىڭ مۇشۇكى توشقان تۇتار.

كەمبەغەلنىڭ چىبىقى چىشقا دورا.

كەمبەغەل تۆگە مىنسىمۇ ئىت چىشلەر.

AltunOq

كوسەي ئۇزۇن بولسا، قول كويمەس.

مال باينىڭ، جان خۇدانىڭ.

مال بولسا مامام باقار.

مالنى تاپقان باقسۇن،
ئوتۇننى چاپقان ياقسۇن.

نامرات بولساڭ، شەھەر قوغلاش.

نامراتنىڭ بىر تويغىنى — بىر باي بولغىنى.

نان — ئىمان، ناننىڭ يۇقى يامان.

ئوشۇق دولەت باشنى يارماس.

ئوشۇق دولەت — باشقا تاج.

پايدىسى يوق بايدىن، سۇيى يوق ساي ياخشى.

پىچاق گوشكە ماڭار، سوڭەككە ماڭماس.

پۇل بولسا، جاڭگالدا شورپا.

پۇلى ئازنىڭ غىمى ئاز.

پۇلى بار كاۋاپ يەيدۇ،
پۇلى يوق كاۋاپ تۇتۇنى.

پۇلى بارنىڭ گىپى ئوڭ،
پۇلى يوقنىڭ گىپى توڭ.

پۇل — پۇلى جىقلارغا تاتلىق.

پۇتقا تاپسا، باشقا يوق،
باشقا تاپسا، پۇتقا (يوق).

سېمىزنىڭ پۇتى سەككىز.

توي — تونلۇقنىڭ، ھېيت — ئاتلىقنىڭ.

توغان بېشىدا دەرەخ ئۈنمەس،
باينىڭ قېشىدا گاداي ئۈنمەس.

توق كىكىرەر، ئاچ ئۇسۇرار.

توق بالا ئاچنى ئويلىمايدۇ،
ئاچ بالا توق بىلەن ئوينىمايدۇ.

توگە سىلكىنسە، ئېشەككە يۈك چىقار.

ئۇنى يوقنىڭ خۇنى يوق.

يېرىم باينىڭ ياتقۇسى كەلمەس،
كىيىمى يېلىڭنىڭ قوپقۇسى (كەلمەس).

يېرىم تاغار بالۇۋۇرتىدۇ.

يوغان سۈزۈلار، ئۇنچىكە ئۆزۈلەر.

يوقنىڭ بىر دەردى بار،
بارنىڭ مىڭ دەردى (بار).

يوقسۇللۇق تاشتىن قاتتىق.

يوققا نىمە يوق؟ — ئېرىقتىكى سۇمۇ يوق.

ھەسەل ئالغان قاچىنىڭ يۇقى بار.

قازانمۇ ماي، چومۇچمۇ ماي.

قازىنىم بولسا، پوشكال ئېتىپ يەيتتىم،
ئۇن تاپالمىدىم، ماي يوق.

قاغىلار قاق ئېتىدۇ،
ئۆز كۆڭلىنى شات ئېتىدۇ.

قوساق توق، كۆڭۈل شوخ.

قوسىغى ئاچنىڭ كوزى ئاشتا،
قوسىغى توقنىڭ ئۇستىۋاشتا.

قۇدۇق چوڭقۇر، ئاغامچا قىسقا.

قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرماس.

قۇرۇق قوشۇق ئېغىز يىرتار.

ئۆتۈگى يىرتىق تورگە چىقالماس،
يېڭى يىرتىق ئاش يېيەلمەس.

## 39. بەتنىيەتلىك، مەككارلىق ۋە پىتنە-ئىغۋا توغرىسىدا

ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە،
هايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا.

ئارقامدىن دېگەنلەر — تىزىڭنىمنى يېگەنلەر.

ئاشنىڭ ئالىسى قوساق ئاغرىتار،
كوڭۈلنىڭ ئالىسى ئادەم ئۆلتۈرەر.

ئاغزىدىن هەسەل تامىدۇ،
كوڭلىدىن زەهەر (تامىدۇ).

ئاغزى قايماق، كوڭلى مايماق.

بەتنىيەتنىڭ يولى تار.

گاس دەپ غەيۋەت قىلما،
قارغۇ دەپ خىيانەت (قىلما).

كىشىنىڭ ئەيىۋىنى ماڭا دىگەن كىشى
مېنىڭ ئەيىۋىمنىمۇ كىشىگە دەر.

كۆڭلى بۇزۇق باشقىلاردىن ئەيىپ ئىزلەر.

كۆڭلى قارىنىڭ يۈزى قارا.

كۆڭۈلنىڭ ئالىسى — خۇدانىڭ بالاسى.

كوزىنى يۇمغان پوقىنى يەر.

نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك.

ئوتنى كىم تۇتسا، شۇنىڭ قولى كويەر.

پىتنىخورنىڭ سوزى يامان،
سوزىدىنمۇ ئوزى يامان.

پىتنىخور تىرناقتىن توك ئۈندۈرەر.

پوقنى ئوسۇرۇق بىلەن ياپقىلى بولماس.

سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ يۈگۈرتۈپتۇ.

تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزلەپتۇ.

تۇرغان تاھ تۇسسەك، بېشىڭ يېرىلار.

تۆھمەتنىڭگە تۆھمەت قىلاي،
تۆھمەتنىڭ ھەيران قالسۇن.

تۆھمەتخور ئاخىرى تۆھمەت بىلەن ئۆلەر.

تۆھمەت تاش ياردۇ،
بايقىمىساڭ باش ياردۇ.

شەيتاندىنمۇ ئادەم شەيتىنى يامان.

يىغلىغاندىن قورقما، كۈلگەندىن قورق.

يولسىزنىڭ تىلى قىسقا.

يۇتكەن پىچاقنىڭ سېپى ئالتۇن.

غەيۋەتخورنىڭ تىلىنى كەس،
ئاڭلىغۇچىنىڭ قۇلىقىنى (كەس).

ھىلىدىن ھالۋا ياساپتۇ.

ھىلىگەردىن تۇخۇم ئالساڭ،
ئىچىدىن سېرىقى چىقماس.

ھىلىلىك ئىشتا خەير يوق.

قارغا ئولۇك كومگىلى بولماس.

قاشقا سانىساڭ كوزگە،
كىشىگە سانىساڭ ئوزگە.

قىڭغىر ئىش قىرىق يىلدىن كېيىنمۇ بىلىنەر.

قۇۋلۇقتىن شۇملۇق تۇغۇلار.

قەست قىلغاننى پەس قىل.

ئەر كىشى — تۇڭلۇك ياپقۇچ.

ئوپكىسىنى ئىچىدىن قېقىپتۇ.

ئوتكەمىدىن ئوتۇپ، غەلۋىردە توختاپتۇ.

ئويۇڭگە يولاتما قېرى دەللىنى،
كىرىپ ـ چىقىپ بۇزىدۇ پەللىنى.

ئوزىنىڭ ئوزىگە، توپىسى كوزىگە،

# 40. سېخىلىق، بېخىللىق، ئاچكۆزلۈك ۋە ئىنساپ توغرىسىدا

ئادەم ئۆلىدۇ، دۇنيا قالىدۇ.

ئالغىنىڭنى كۆپكە سانا،
بەرگىنىڭنى ئازغا (سانا).

ئامانەتكە خىيانەت.

ئانىسى ناننى نېپىز ياقىدۇ،
بالىسى تويماي قوشلاپ يەيدۇ.

ئاچ بەچچىغەردىن قاچ بەچچىغەر.

ئاچكۆز تويماس، بېخىل بېيىماس.

ئاردا قاڭشا بولمىسا، ئىككى كۆز بىر بىرىنى يەر.

ئارپا تېرىپ بۇغداي ئالىمەن دىمە.

ئاز بولسا، كۆپكە تاۋاپ قىل.

ئاز يىغساڭمۇ ھالال يىغ.

بارنى كۆرسە كۆرەلمەيدۇ،
يوقنى كۆرسە بېرەلمەيدۇ.

بېخىل بايدىن سېخى گاداي ياخشى.

بېخىل بىر تىيىننىڭ تۆشۈكىدىن قىرىق قېتىم ئۆتەر.

بېخىل بەختلىك ئەمەس، سېخى بەختلىك.

بېخىلدىن نان سورىغىنىڭ — جان سورىغىنىڭ.

بېخىل جېنىدىن كېچەر، مېلىدىن كەچمەس.

بېخىلنىڭ بېغى كۆكەرمەس.

بېخىلنىڭ ئېشىنى ئالماق —
كۆزىنىڭ يېشىنى ئالماق.

بېخلنڭ تېزگگە بگز ئۆتمەس.

بېخلنڭ ئۆلۈگنى ئت يەمەپتۇ،
تېرگنى پت (يەمەپتۇ).

بېخل سقمنڭ ئچنى ئايايدۇ، تېشنى يالايدۇ.

بېخل تاپسا يېپپ يەيدۇ،
سېخى تاپسا ئېچپ (يەيدۇ).

بېخلغا ھاجتڭ چۈشسە يرق دەيدۇ،
سېخغا ھاجتڭ چۈشسە خوپ دەيدۇ.

بېخلغا قول بلەن يانچۇقنڭ ئارسى قرق كۈنلۈك.

بر تاۋاق ئاش كەلدى دەپ جېنم سۆيۈندى،
ئككى قوشۇق ئالماي تۇرۇپ تۈۋى كورۈندى.

بر ھاپ، بر ھوم.

بزنڭكگە كەلسەڭ يەپلا،
سېنڭكگە بارسام گەپلا.

بۇغداينىڭ بانىسىدا قارىمۇق سۇ ئىچىپتۇ.

بۇغداي پاتمىغان ئاغزىمغا،
قوي كاللىسى بوش كەلدى.

بورە تاپسا، تەڭ ئوتاق،
قاغا تاپسا، دەرەخ ئۈچىدا.

دوستۇمنىڭ ئولگىنىگە يىغلىمايمەن،
قارا ئېشەكنىڭ كەتكىنىگە يىغلايمەن.

ئېشەكنىڭ دۈمبىسىگەئاپتاپ چۈشسە قۇلۇڭنىئىسسىت.

ئىگىز بۇرۇننى كورە-كورە،
پۇچۇق بۇرۇن كىرىپ كېتىپتۇ.

ئىككى كېمىنىڭ قۇيرۇغنى تۇتقان سۇغا چۆكەر.

ئىنساپلىقنىڭ دىلى ساپ.

ئىنساپسىز قوشۇق سالسا، يەتتە ئوتلاپتۇ.

ئىچى تارلىڭ گورى تار.

ئىسسىنى بولۇت كورمەس،
يۇندىسىنى ئىت (كورمەس).

جاغدا قوغۇن جېنىڭمىدى.

جېنىم پۇلۇم، خېنىم پۇلۇم،
ماڭا تېخىمۇ يېقىن تۇرۇڭ.

جىقنى دەپ ئازدىن قۇرۇق قاپتۇ.

كىشىنىڭ توخۇسى كىشىگە غازدەك كورۇنەر.

كىشىنىڭ قولى بىلەن يىلان تۇت.

كەسسە پىچاق ئوتمەس،
چەكسە قان چىقماس.

كەڭ بولساڭ، كەم بولمايسەن.

كوپنى بىلمىگەن ئازنى ھىچ بىلمەس.

مومىسق ئايالنى جەننەتكە تەكلىپ قىلسا،
قوتۇر ئوشكىسىنى يېتىلەپ مىڭىپتۇ.

پالتىسىنىڭ سېپىغا موزاي تىزەكلەپ قويۇپتۇ.

پايدىسى يوق ئوغرىدىن، گۈندا①نىڭ بىكار تۇر-
غىنى ياخشى.

پۇلنىڭ كۆزى يوق،
بېخىلنىڭ يۈزى (يوق).

پەرىشتىنىڭ ئىشىدىن شەيتان قىزغىنىپتۇ.

چاشقان يىغار، پاقا يەر.

چاشقانغا كېپەك ئالدۇرماپتۇ.

چاينىماي يىگەن كۆشمەي ئولەر.

سېخىنىڭ بەرگۈسى كەلسە،
بېخىلنىڭ جېنى چىقىپتۇ.

سىنىڭ نەپسىڭ بالادۇر،
ئاخىر ئوتقا سالادۇر.

---

① گۈندا — تۇرمە.

سەن كەلسەڭ، نىمە ئېلىپ كېلىسەن؟
مەن بارسام، نىمە ئېتىپ بېرىسەن؟

سەن ئۆل، مەن تىرىلەي.

تىلەمچىنىڭ خالتىسى تولسىمۇ، كۆزى تولماس.

تولا يىگەن بورىنىڭ كوتى كاۋاك.

تويماس كۆزنى گۆرنىڭ توپىسى تويدۇرار.

تويمىساڭ تويۇڭدا تويارسەن.

AltunOq

تۇرۇپ تۇرغاننى توختاپ يە،
كېتىپ بارغاننى قوغلاپ يە.

توگىدەك قىز بېرىپ،
تۈگمىدەك گوش يىدىم.

تۈگۈلۈگىدىن شامال كىرمەس،
تۆشۈگىدىن ئادەم (كىرمەس).

ئۈنچى ھاكچىنى كورەلمەپتۇ.

ياخشى ئاش ئىشىپ قالغىچە،
يامان قوساق يىرىلىپ كەتسۇن.

يىمەي ـ ئىچمەي بول بېخىل،
باي بولمىساڭ مەن كىپىل.

يىمەيمەن دەپ تۇرۇپ يەتمىش قۇيماق يەپتۇ.

يىمەي يىققاننىڭ يىگۇچىسى چىقار،
كىيمەي يىققاننىڭ كىيگۇچىسى (چىقار).

يوغاننى يونۇپ يە، كىچىكنى شىلىپ.

يەپ تويمىغان يالاپ تويماس.

يەي دىسە، چىشى ئاغرىيدۇ،
بېرەي دىسە ئىچى (ئاغرىيدۇ).

هابدالغا كەپسەن بەرسە، جىڭىنىڭ راستمۇ، دەپتۇ.

قانائەتلىك كىشىنىڭ قارنى توق.

قانائەت ـــ تۈگىمەس غەزنە.

قارنى يامان ھېيتتا ئۇلەر.

قىزغانچۇقنىڭ ئىشىنى بىسىپ يە.

قىزغانچۇقنىڭ ئىشىنى ئىت يەر.

قولى ئوچۇقنىڭ يولى ئوچۇق.

قولۇم ئوچۇق، يۈزۈم ئاق.

قورۇنغان قۇرۇت چىچار.

قۇرۇق دۇئايى سالامغا توكۇر بارىكاللا.

قۇرۇق سوڭەكنى ئىت غاجىماس.

قۇرۇق سوڭەكتىن ياغ چىقماس.

ئەجەل يەتمەي جان چىقماس،
بېخىل بايدىن نان (چىقماس).

ئەرزان گوشنىڭ شورپىسى تېتىماس.

ئۆمۈچۈك ئومىلەيدۇ،
ئومىلىغەننى كورەلمەيدۇ.

ئۆزلىرى بولالمايدۇ،
بولغاننى كورەلمەيدۇ.

ئۆزى تويمىغاننىڭ كوزى تويماس.

ئۆزى تويسىمۇ، كوزى تويماپتۇ.

ئۆزەم يېسەم، سېسىق ئېشىم،
كىشىگە بەرسەم، ئىسسىت ئېشىم.

ئۆينى ئىجارىگە بېرىپ، بۆرىنى ئۆششۈتكەن قېرى.

## 41. كەسپ، سودا ـ سېتىق ۋە ئېلىش ـ بېرىش مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدا

ئالا قاغىدا ئېلىشىڭ بولسا، بىر كۈنى ئالارسەن.

ئال دىگەن مالدا پايدا بار.

ئالدىڭ ـــ پۈتتى، ساتتىڭ ـــ يۈتتى.

ئالىمەن دەپ، قوشلاپ بېرىپتۇ.

ئالماقلىق ـــ زىرەكلىك،
بەرمەكلىك ـــ نادانلىق.

ئالماقنىڭ بەرمىگى بار،
چىقماقنىڭ چۈشمىگى (بار).

ئالماققا بار، بەرمەككە يوق.

ئالتىگە ئېلىپ، بەشكە سات،
ئېتىڭ چىقسۇن سودىگەر.

ئالتۇن كورگەندە پەرىشتە يولدىن ئېزىپتۇ.

ئالغاندا بىسمىللا،
بەرگەندە ئەستەغپۇرۇللا.

ئالغىچە ئالمان، بەرگىچە بەزگەك.

ئالغىچە ياپىر، بەرگىچە كاپىر.

ئالغۇچى — ئارسلان، بەرگۈچى — چاشقان.

ئامبالنىڭ ئىتتىنى سۇغار، پۇلىنى ئال.

ئاتا كەسپى بالىغا مىراس.

ئاتا كەسپىڭنى تاشلىما.

ئاتاڭمۇ بازار، ئاناڭمۇ بازار.

ئاغامچاڭنىڭ پۇلى تۇرۇپ تۇرسۇن، دۆلامىنىڭ پۇلىنى بەر.

ئاغرىق بولساڭ ئۆلۈپ قۇتۇل،
قەرزدار بولساڭ بېرىپ (قۇتۇل).

بار دىسە بېرىدۇ، يوق دىسە قەسەم.

بار تاۋىغىم، يان تاۋىغىم،
بولمىسا ئارىدا سۇن تاۋىغىم.

بازارغا چىق، بەختىڭدىن كور.

باققالنىڭ ئالدى ياخشى،
قاسساپنىڭ كەينى (ياخشى).

بېلىقچىنىڭ كۆزى سۇدا.

بېرىمەن دىگەن قولىغا
چىقىرىپ قويار يولىغا.

بېرىپ يامان بولغىچە، بەرمەي يامان بول.

بېرەرمەننىڭ بېشىنى ئالارمەن ئوگلاپتۇ.

بولسا بولار، بولمىسا ئىز پۇلى.

بورىچى هالۋىچى بولسا، كوزىنى چاپاق بېسىپتۇ.

"بوياقچى – بوياقچى" دىسە، ساقىلىنى بوياپتۇ.

بەرگەن ئالغانغا يېقىپتۇ،
بەرمىگەن دەريادا ئېقىپتۇ.

بەرگەن باتۇر ئەمەس، سورىغان باتۇر.

بەرگەن بەككە ياراپتۇ، بەرمىگەن كەمگە؟

بەرمىگەننى بېرىپ ئۇيالدۇر.

بەرمەككە بىرىمۇ كوپ،
ئالماققا ئونىمۇ ئاز.

بەرمەسنىڭ ئېشى پىشماس،
ئوچاق بېشىدىن چۈشمەس.

دەريادىكى بېلىقنىڭ باھاسى يوق.

ئېلىپ ئالتە بولماپتۇ، يەپ يەتتە.

ئېلىپ باقتىم، سېتىپ باقتىم،
ھەممە ئىشنى قىلىپ باقتىم.

"ئېلىپ"نى ئوقۇپ، "بە"نى ئوقۇماپتۇ.

ئىسىلنى ئالساڭ خاتا يوق،
ئەسكىنى ئالساڭ ۋاپا (يوق).

گۆرگە كىرگەن تىرىك چىقماس،
ئۆيگە كىرگەن قۇرۇق (چىقماس).

خېمىر ئۇچىدىن پېتىر.

خېرىدارنىڭ كۆزى بولسا، كاسىپ ئاچتىن ئۆلەر.

ئىتنىڭ قاۋىغىنى بىكار، ھايان دىۋانىنىڭ.

ئىش بىلمەس كەشتىچى بولۇپتۇ،
ئاش بىلمەس ئۆگرىچى (بولۇپتۇ).

جىگىنىڭ گۆشى — جىننىڭ گۆشى.

كاجنى بازار ئۆگلار، ساراڭنى مازار.

كانايچىدىن يەل كېتىدۇ.

كاۋاپمۇ كۆيمىسۇن، زىخمۇ.

كىشىدىكى نەرسە — خۇدادىكى نەرسە.

كىشىدىكى پۇل — چۈشىدىكى پۇل.

كەمبەغەل بولاي دىسەڭ،
لەق ئېلىپ، نېسى سات.

ئاغرىماي ئۆلەي دىسەڭ،
ئەسكى تامنىڭ تۈۋىدە يات.

كۆنۈك ئۆتمىسە، بازار چوگىلە.

مال بەرمەك — جان بەرمەك.

مىڭ سەرنى يوقاتقان بىر سەر.

مەن كورمىگەن يەكەن ئەمەس،
پۇل بەرمىسە نان بەرگەن ئەمەس.

ناۋاينىڭ نېنى پىشقىچە، يېگى كويىدۇ.

نېسى ئېلىشتا هاي - هاي،
پۇلىنى بېرىشتە ۋاي - ۋاي.

نېسى ساتقاننىڭ هالى خاراپ،
قالىدۇ قۇرۇق دەپتەرگە قاراپ.

نېسى يىمەك گۆشنى،
يېرىپ چىقىدۇ توشنى.

نەقتىن ھەسەل چىقتى، نېسىدىن كېسەل.

ئۆمىچى يوق مازاردىن شەيخ زېرىكىپتۇ.

پايدا بىلەن زىيان — بىر تۇققان.

پۇل دىگەن قولنىڭ كىرى.

پۇل دۈشمەننى دوست قىلار،
دوستنى دۈشمەن قىلار.

پۇلى بارغا بازار، پۇلى يوققا جازا.

پۇلنى پۇل تاپار.

پۇلنىڭ بىر ئۇچى بىلەكتە، بىر ئۇچى يۈرەكتە.

پۇلنىڭ تىلى يوق.

پۇل — پىششىق تاماق.

پۇل تېپىشۋالساڭ سانىشۋال.



Altunoq

پۇلۇڭنىڭ كەتكىنىگە قارىما،
ئىشىڭنىڭ پۈتكىنىگە قارا.

سودا ساقال سىپىغىچە.

سودىدا دوست يوق.

سودىگەرنىڭ پۇلى بىر، رىسقى باشقا.

سۇنىڭ سۇغا كەتتى،
قالدى قېتىقنىڭ پۇلى.

تاپقىنىم پاك، قۇلىغىم ساق.

تېكە بولسىمۇ سۈت بەرسۇن.

توك ـ توك ئېتەر تومۇرچى،
پۇلنى ئۇسىدۇ كونچى.

توگە تالغا تويماس، سودىگەر مالغا.

تومۇرچى كومۇرچى بىلەن دوست.

تومۇرچىنىڭ بىر ئۇرغىنى —
يىڭنىچىنىڭ يۈز ئۇرغىنى.

تومۇرچىنىڭ پالتىسى يوق،
ياغاچچىنىڭ تۇۋغى (يوق).

شوخ بولساڭ مازارغا بار،
بىكار بولساڭ بازارغا (بار).

ياخشى مال ئۆزىنى ئۆزى ماختايدۇ.

ياغاچ كەسسەڭ ئۇزۇن كەس،
تومۇر كەسسەڭ قىسقا (كەس).

يىغى تۇگىسە، دۇغى قالار.

يىپىڭ ئىشگىلىك بولسا، ئىشىڭ پۇتۇگلۇك.

يىغلىغاندىن سورىما، كۇلگەندىن سورا.

زىيان ئاچچىق، پايدا تاتلىق.

ھارۋىكەش — ئاۋارىكەش.

ھايان ماگا بولسۇن، زنيان ساگا.

ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىغى تۇت.

ھەركىتى كىتەر، بەركىتى قالار.

قاسساپ دوستىغا ئۇستىخان بىرەر.

قاسساپ ماي چاينايدۇ، ئاشپەز گوش.

قايتقان مالدا بەركەت بار.

قىممەتچىلىك بولسا، ساتقۇچىدا ئىنساپ قالماس،
ئەرزانچىلىق بولسا، ئالغۇچىدا (ئىنساپ قالماس).

قولدىن ئۆتكىچە، ئۆيىگە يەتكىچە.

قولى بىلەن ئىلىپ، پۇتى بىلەن بىرىپتۇ.

قول ئىچىگە ئىگىلەر.

قول قولنى تونۇيدۇ، شەردەت يولنى.

قوينى قوتاندا سات، ئاشنى ئۇردىدا.

قۇلاقنى نەدىن چىقارسا، قازانچىنىڭ ئىختىيارى.

قۇشقاچ بولسىمۇ گوش.

قۇشقاچ بولسىمۇ قاسساپ سويسۇن.

قۇشقاچلار قىلىدۇ چىرىك - چىرىك،
ئادەملەر يۈرىدۇ — تىرىكچىلىك.

قەرزداردىن پۈتكەننى ئال،
تۈگمەندىن چىققاننى (ئال).

قەرز ئېلىپ بەرمىگىنىنى كورەي،
تۇغۇلۇپ ئولمىگىنىنى (كورەي).

ئەرزان بىلەن قىممەتنىڭ
بازاردا چىققان نەرقى بار.

ئەرزان نەرسە ئىللەتسىز ئەمەس،
قىممەت نەرسە ھىكمەتسىز ئەمەس.

ئەسكى تۇماققا سېسىق كاللا خېرىدار.

ئەتىگەنكى مۇشتتىن يانما.

ئۆيدىكى گەپ بازارغا توغرا كەلمەپتۇ.

ئۆيدە بار — ئۆيدا بار.

ئۆزەڭدە يوق — ئالەمدە يوق.

ئۈچ قوي سويغان قاسساپ بولۇپتۇ.

Altun0q

## 42. تۆرلۈك پەندى ـــ نەسىھەتلەر

ئامانەتنى تۇتماڭ، يوقالسا تولەرسىز،
تام تۈۋىدە ئولتۇرماڭ، يىقىلسا ئولەرسىز.

ئاچلىقتا تۇتقان قاچاڭنى توقلۇقتا ئۇنتۇما.

ئاچچىق بولساڭ تۇزدەك بول،
تاتلىق بولساڭ بالدەك بول.

بىر ھارغانغا سوز قىلما، بىر ئاچقانغا.

ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس.

خوشامەتچى بولماي دىسەڭ تاماگەر بولما.

ئىت قوغلىسا سۇغا قاچ،
ئىلان قوغلىسا قۇمغا قاچ،
توگە قوغلىسا تاققا قاچ.

كىشىنىڭ ئارتۇقچىلىغىنى كىشىگە دە، ئۆزىگە دىمە،
كىشىنىڭ كەمچىلىكىنى ئۆزىگە دە، كىشىگە دىمە.

كوك ياڭاق بىلەن قوينۇڭنى تولدۇرما.

كوڭلۈڭ رەنجىسە، كۈلۈپ ئوينا.

كوڭلۈڭ قالغان يەرگە بارما.

كورگەن كۈنۈڭنى ئۈلتۈما.
شىرە چورۇغۇڭنى قۇرۇتما.

كۈلمە كىشىنىڭ دەردىگە،
ئۆزەڭگە كېلەر ئەتىگە.

مېۋىسىز دەرەخنى قاقما.

مۈزدىن ئۆتسەڭ ئاۋال ئۆتە
دەز چىققىچە ئۆتەرسەن.
سۇدىن ئۆتسەڭ كېيىن ئۆتە
چوككىنىنى كورەرسەن.

پالسىز يۇرمە، پالغا ئىشەنمە.

سۇ ئاشسا دوڭگە چاپ.

ئار يەردە ئاش يىگىچە
كەڭ يەردە مۇشت يە.

تىلىگەننى تىلىمەڭ،
مۇتىھەمنى يولىمەڭ.

توخۇلى تاخ دىمە، مۇشۇكنى پەش (دىمە).

توپا ئالساڭ دوڭدىن ئال.

يالجىمىساڭ يەر يوتكەل.

ياتقان ئورنىڭدىن تايىنىپ قوپما.

هايات چېغىمدا تىلىلىما،
ئۆلگىنىمدە يىغلىما.

قاغىنىڭ بارغىنىنى سورىما، يانغىنىنى سورا.

قىلىچتەك ئۆتكۈر بولما،
تاياقتەك قوپال بولما.

قولۇڭدىن كەلسە ياغ چاينا.

ئۆلگەننىڭ ئەيىۋىنى كوچىلىما.

ئۆزەڭنىڭ كىملىگىنى بىلەي دىسەڭ،
كىشىنىڭ قىزىغا ئەلچى ئەۋەتىپ كۆر.

## 43. ئوغرىلىق ۋە قاتىللىق توغرىسىدا

ئادەم ئۆلتۈرگەن ئادەم قولىدا ئۆلەر.

ئالتۇننى دەسسەپ، تۇخۇم ئوغرىلاپتۇ.

ئاينىڭ يورۇغى ئوغرىغا ياقماس.

باي — دەريا، ئوغرى — قوشۇق.

بوينىدا ئىللىتى بارنىڭ ئايىغى سىقىرار.

بۇ يەردە ئوغرى يوق،
ھىلى قويغان ھىلى يوق.

بورىنىڭ ئاغزى يىسىمۇ قان، يىمىسىمۇ قان.

بورىسى يوق جاڭگال بولماس،
ئوغرىسى يوق يۇرت بولماس.

جاڭدا قىرىماس، ئوغرى بىپىماس.

مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك.

ئوغىدىن شىپا ئىزلىمە،
ئوغرىدىن ۋاپا (ئىزلىمە).

ئوغرى ئالغان مالغا ئىگىسى سەۋەپكار.

ئوغرى ئايدىڭدىن قورقىدۇ.

ئوغرى بىلەن يولداش بولما،
ئەسكى بىلەن سىرداش (بولما).

ئوغرى بولساڭ ئىناپ بىلەن بول،
تاۋۇغىنى ئالساڭ، قوشۇغىنى قوي.

ئوغرى — دەۋانىڭ ئۇرۇغى،
چىچەن — دەۋانىڭ قۇيرۇغى.

ئوغرىمۇ تۇۋلايدۇ، ئوي ئىگىسىمۇ.

ئوغرىنىڭ دوستى يانچۇقچى.

ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك ـ پوك.

ئوغرىنى ئوغرى تاپار.

ئوغرىنى قاراقچى سوقۇپتۇ.

ئوغرى ئوغرىنى قاراڭغۇ كېچىدە ئۇچرىتار.

ئوغرى تۇتساڭ چوڭىنى تۇت.

ئوغرىغا مال كەم ئەمەس.

ئوغرى قېرىسا سوپى بولار،
جالاپ قېرىسا بۈۋى (بولار).

ئوغرى ئۆلگىچە ئاقمەن دەپ تۇرار.

ئوغرى ئوز گوشىنى يەيدۇ.

پالتىدىن زۇۋان كەپتۇ، قاتىلدىن ئىمان.

توخۇنى ئوغرىلىغانمۇ ئوغرى،
تۇخۇمىنى يىگەنمۇ (ئوغرى).

يىغىنى يان باسىدۇ، ئوغرىنى دام.

ھەر غەرەزچى كىلەر، ئوغرى ئاسماقچى.

قاراڭغۇ يولنى قاراقچى بىلەر.

قوينۇم ئوغرى، قونچۇم ئوغرى.

قوغۇنغا ئوغرى كەلسە، يا پىششىغىنى قويماس، يا خەمىگىنى.

ئويگە ئوغرى كىرگەندە ئىتنىڭ سىيگۇسى كەپتۇ.

## 44. دىنىي ئېتىقات ۋە موللا توغرىسىدا

ئاخىرەت ئىززىتى كېرەك بولسا،
پېقىرلار بىلەن كېڭەش قىل.

ئاللا بەرمىگەننى موللا بەرمەس.

ئاران باشقان كالامنى،
ئولتۇرۇپ يىگەن ئاخۇنۇم.

ئاتا ـ ئانا دۇئاسى ئوتقا، سۇغا پاتۇرماس.

بىسمىللا دىسەڭ تېشىڭدا دە، دىمىگەنلەر دىسۇن،
شۇكرى دىسەڭ ئىچىڭدە دە، يىمىگەنلەر يىسۇن.

دىنىم ئۇچۇن ئەمەس، كۇنۇم ئۇچۇن ئوقۇيمەن.

دۇنيا ئىشىنى ئاخىرەتكە قالدۇرما.

دەرت يامانمۇ، ئەلەممۇ،
موللا يامانمۇ، قەلەممۇ؟

خۇدا دىگەن يەردە بالا يوق،
شال تېرىغان يەردە پولو (يوق).

ئىمامىلىقتىن قاچ، مەزىنلىكنى تالاش.

ئىمامنىڭ ئۆمرىنى تىلە، مەزىننىڭ ئۆلۈمىنى.

موللا بىلگىنىنى ئوقۇيدۇ،
توخۇ كورگىنىنى چوقۇيدۇ.

موللا بولماق ئاسان، ئادەم بولماق تەس.

موللا كىشىدىن پۇل ئالماق —
پىتىر ناندىن قىل ئالماق.

موللا كىشى — يېرىم كىشى،
ئىككى موللا بىر كىشى.

موللا كوپ بولسا، قوي هارام ئولەر.

موللام، دۇئاغا زورلاڭ.

موللامەنۇ، موللا مەن،
موللا كورسەم يولدا مەن.

موللا ئوقۇپ يەر،
قاغا چوقۇپ (يەر).

موللا پۇلنى دوست تۇتماس،
قولىغا كىرسە بوش تۇتماس.

موللىنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما.

موللىنىڭ يامىنى ۋاراقچى،
ئوغرىنىڭ يامىنى قاراقچى.

موللىنىڭ قارنى بەشتۇر،
بىرى ھەممىشە بوشتۇر.

موللىغا ئون تاياق، نادانغا بىر تاياق.

ئوقۇماي موللا بولغان،
چوقۇماي قاغا بولغان.

چالا موللا دىن بۇزار.

روزا تۇتقان ـ نېنى يوقنىڭ ئىشى،
ناماز ئوقۇغان ـ ئىشى يوقنىڭ ئىشى.

سوپى سوۋۇغاننى يەر، تاپسا يوغاننى.

سۇ يەتتە يۇمۇلسا هالال.

سەدىقە بالانى يەر، توۋە گۇنانى.

سەللىسى مۇسۇلمان، ئۆزى كاپىر.

سەللە دىگەن يۈك،
ساقال دىگەن تۈك.

تەقۋادا هالال يوق،
پەتىۋادا هارام (يوق).

ياش ۋاقىتتا قىلغان ئىبادەت تاشقا موھۇر باسـ
قاندەك؛
قېرىغاندا قىلغان ئىبادەت قۇمغا موھۇر باسقاندەك.

ئىلان، چايان ئىزلىسەڭ، قازىنىڭ گورىنى ئاچ.

هاجى مىنگەن ئېشەكمۇ هەرەمگە بېرىپتۇ.

ھەممە ئىشنى موللا بىلەر،
موللا قوپۇپ كولگە سىيەر.

قولى قاشالڭ موللىدىن، ئايىغى ئىلدام بالا ياخشى.

قۇلياغا قۇيماق، ياسىنغا پولو.

ئەملى يوق سوپىدىن، تۇخۇمى يوق توخۇ ياخشى.

## 45. يۇقۇرى تەبىقىنىڭ ماقال - تەمسىللىرى

ئاكاڭ كىمنى ئالسا، يەڭگەڭ شۇ.

ئانىسىنى تاپسام، شىللىسىگە مىنىپ چاپسام.

ئانىسىنى ئۇرمىسا ئۇۋالى بار.

ئاچسام ئالقىنىمدا سەن،
يۇمسام سىقىمىمدا (سەن).

ئاتاڭ كىم بولسا سەن شۇنىڭ ئوغلى.

ئاتاڭنى ئولتۇرگەنگە ئاناڭنى بەر.

بالاڭنى چوڭ قىلىپ موللىغا بەر،
موللىدىن ئېلىپ ئوردىغا بەر.

باي بىلەن داۋالاشما،
باتۇر بىلەن چېلىشما.

باي — يۇرتنىڭ ئۇزۇغى،
باتۇر — يۇرتنىڭ قوزۇغى.

بېگىم ئۈچۈن خىزمەت،
ئۆزەم ئۈچۈن ئوقەت.

بېيىشتىن چىققان كوك ئاياق،
يۈگۈرتىدۇ يالاڭاياق.

بىر سوز بىلەن ئەر ئۆلمەس.

بىر تاغار ياڭاقنى ياڭاقچىلىك تاش چاقار.

بوزەكنى بوزەك ئەتمىسەڭ،
قىيامەت كۈنى سورىغى بار.

بوزەكنى تاپسام، بۇرنىغا يىپ ساپسام.

بەگ بىلەن ئىلىشىپ بولماس،
دەرەخ بىلەن چىلىشىپ (بولماس).

بەرمىسىمۇ باي ياخشى،
يىمىسىمۇ ماي ياخشى.

دالىنىڭ بېگى بولغچە، شەھەرنىڭ ئىتى بول.

خوتۇن ئالدىڭ — ئۇچاڭغا ئوتۇن ئالدىڭ.

خوتۇن ئالساڭ بايدىن ئال،
پۇلۇڭغا پۇل قوشۇلار.
يەر ئالساڭ سايدىن ئال،
يېرىڭگە يەر قوشۇلار.

خوتۇن كىشى لاپ بىلەن يۇرەر،
ئۇستۇرا كاپ بىلەن.

خوتۇن كىشىنىڭ موللىسى —
بايتال ئاتنىڭ يورغىسى.

خوتۇن كىشىنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا.

خوتۇن كىشىنىڭ ھىلىسى قىرىق ئېشەككە يۇك.

خوتۇن كىشى — تۇت تامنىڭ قۇلى.

خوتۇنغا ئىشەنمە، قومۇشقا يۆلەنمە.

خۇدا بىلىپ پاقىغا قۇيرۇق، ئېشەككە مۇڭگۇز بەرمىگەن.

ئىت ئىتەكتىن ئالار، خوتۇن ياقىدىن.

ئىتنىڭ ئاغزى تەككەنگە
دەريا سۈيى بۇلغانماس.

ئىتنى سوگەك بىلەن ئۇرساڭ ھاۋشىماس.

ئىتنى ئەكىلەتسەڭ، ئاغزىڭنى يالايدۇ.

ئىت سەمرىسە، ئىگىسىنى قاۋايدۇ.

ئىت ۋاپا، خوتۇن جاپا.

ئىشەنمىگىن دوستۇڭغا،
سامان تىقار پوستۇڭغا.

كەمبەغەلنى ئىززەت قىلساڭ،
چورۇغى بىلەن تورگە چىقار.

مالنى كىپەككە ئال، باققۇچىنى ئالتۇنغا.

مىلىڭ يېيىشلىك بولسا بەردى خۇدا،
خوتۇنۇڭ يېيىشلىك بولسا ئۇردى خۇدا.

مېلى يوقنىڭ جېنى يوق.

ئون ئىتتىن بىر بورە ياخشى.

ئون ئىتقا يىگۈزگەندىن،
بىر بورىگە يىگۈزگەن خوپ.

ئوغلۇڭ ئاشقچىلىق قىلسا كوككە باق،
قىزىڭ ئاشقچىلىق قىلسا يەرگە باق.

تاياق ئېيىقنىمۇ موللا قىلار.

تېرەڭدە داپ ئېتمەن،
سوڭگىڭدە ساپ (ئېتمەن).

تېزىنى باساڭ، بېزى چىقار.

تۇز ھەققى خۇدا ھەققى.

تەلەيلىكنىڭ خوتۇنى ئولەر،
تەلەيسىزنىڭ ئويى كويەر.

يىتىمنى يېتىپ ئۇر،
پۇتىدىن تۇتۇپ ئۇر.

قانى قان بىلەن يۇغىلى بولماس.

قىز بالا ئەردە ياخشى،
ئەردە بولمىسا يەردە ياخشى.

قۇم يىغىلىپ تاش بولماس،
قۇل يىغىلىپ باش (بولماس).

ئەر — ئات، خوتۇن — هارۋا.

ئەر — باش، خوتۇن — بويۇن.

ئەركىشى چۇمۇلىدەك يىغىدۇ،
خوتۇن كىشى توخۇدەك چاچىدۇ.

ئەر سىز خوتۇن — يۇگەنسىز ئات.

ئەر قېرىسا قىز ئالار،
قىز قېرىسا كىم ئالار.

ئۆزى ئۆيگە كىرگىچە، كەشىسى توركە چىقىپتۇ.

## 46. ۋە باشقىلار

ئالما دەرىخىدىن يىراق چۈشمەس.

ئانىسى غورا يېسە، قىزىنىڭ چىشى قاماپتۇ.

ئانچىلىك ئىش قانچىلىك ئىش.

ئاچلىقتىن خۇمارلىق يامان.

ئاتام ئېيتقان بايىقى.

ئات ئىگەردىن پەس ئەمەس.

ئاتتىن چۈشتۈك — ئىتەككە چۈشتۈك.

ئاۋال يول قوي، كېيىن قول قوي.

ئاياق ئاتلىمىسا، باش يۈگۈرمەيدۇ.

ئاياققا چىقماي، باشقا يوق.

ئاق كورۈنگەننىڭ ھەممىسى ئاق ئەمەس.

بالا يىغلىمىغىچە ئانا ئەمچەك سالماس.

بىلمىگەن يەرنىڭ ئوي - دۆڭى تولا.

بىر خىش تاراشلاغلىق، بىر خىش تاراشلاقسىز.

بىر توشۇكتىن چىقىپ يەنە بىر توشۇككە كىر-
گىچە كورمىگەننى كورسەن.

بوينىدىن باغلىغان ئىت ئوۋغا يارىماس.

بۇغداينىڭ بارار يېرى تۈگمەن.

ئېتىڭ ھارسا دوڭگە چاپ.

ئېشىمدا يوق پۇرچاق پوقۇمدا نىمە ئىش قىلار.

ئېشەككە كۆچۈك يەتمىسە، ئۇر توقۇمنى.

گۈل سەھەردە ئېچىلار، خىيال كېچىدە.

خويمۇ سەنەم سالغۇم بار،
پۇتۇم قوپال، قولۇم گال.

ئىككى سەككىز ئون ئالتە.

ئىگەككە دوقاقنى كەلتۈرۈپتۇ.

ئىتنىڭ چىش ئاغرىغىغا ئېشەك گوشى دورا.

كاككۇك ئۆز ئىسمىنى قىچقىرار.

كوڭلىدە يوقنىڭ كوزىدە يوق.

لەمپىسى يوق ساراي، مەن قايان باراي.

مۇزلىساڭ مۇز يە.

مەيلىڭ بولسا مەيخانە،
چىلىم بولسا سەيخانە.

ناغرا، سۇناي ئاۋازى يىراقتىن ياخشى.

نەشە چەككەن كىشىنىڭ
تۇتۇن بىلەن قارنى توق.

لەغمىسىز شاراپ — قامچىسىز ئازاپ.

ئورنىدا بولسا ئوت ئۆنىدۇ.

ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق،
سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى يوق.

ئۆيۈڭدىن ئويماق چىقار، قازاندىن قۇيماق.

پاقا بىر سەكرەر، ئىككى سەكرەر، ئالدىن ئورنىغا چۈشەر.

پىرنىڭ ھاسىسى ئۆزىنىڭ ئورنىغا.

چىكىۋىدى نەشىنى،
تۈتالمىدى پاشىنى.
چەكمىگەندە نەشىنى،
تۇتار ئىدى پاشىنى.

چىققان كوز ئورنىغا چۈشمەس.

چولىنىڭ باغرى يامغۇرغا تەشنا.

سىنالمىغان قايماقتىن سىنالغان قېتىق ياخشى.

سۈنغان توقاچ يېپىشماس.

سەۋەپسىز ئىش بولماس.

تاماكىغا شەيتان كىپىل.

تاشنى تاياققا تاڭغىلى بولماس.

تېرە بولمىسا، تۈك نەدىن چىقىدۇ؟

تۈمشۇغىغا يىمەي بۇرنىغا سۇ كىرمەس.

توگىنىڭ مەيلى بولسا يانتاققا بويۇن ئۇزىتار.

توگە قۇيرۇغى يەرگە يەتمەس.

ئۇمۇ يوق، بۇمۇ يوق،
ئېرىقتىكى سۇمۇ يوق.

ئۇنداق قازانغا مۇنداق چومۇچ.

ئۇسسىساڭ تالقاننى كاپ ئەت.

ئۇياققا تارتسا ئات ئۆلىدۇ،
بۇياققا تارتسا، هارۋا سۇنىدۇ.

ئۈزۈنىنىڭ ئارىسىدا قىسقا بار،
قىسقىنىڭ ئارىسىدا ئۈزۈن بار.

شامال چىقمىغىچە دەرەخ لىڭشىماس.

شەيتاننىڭ شاپتۇل يىگىنىگە مەن ھەيران.

يارنى چىم بېكىتىدۇ، دەۋانى قىز.

ياتقانغا يان يوق، قوپقانغا ئالۋاڭ.

يىڭنە كىچىك بولسىمۇ يۇتقىلى بولماس.

يۇتكەن پىچاقنى ئاتقان پىچاق تاپار.

ھاڭغا ئېشەك بالىسىغا ئىگە ئەمەس.

ھەركىم بارغا باتۇر.

ھەرمەتنەم ئۈچ مەتەم.

موڭغۇل ئېتى بوغۇز يىمەس،
بوغۇز يىسە تورغا تېشەر.

قاچان بولغان ئوزەمدەك،
قاراپ تۇرغان كوزۇمدەك.

قازى كۆلمەيدۇ، كۆلسە تېلىقىپ قالىدۇ.

قىزىق ئوچاقتا تۇتۇرۇق لازىم ئەمەس،

قولۇڭدىن كەلسە ياغ چاينا.

قولۇڭغا ئال، كورسىتىپ قوياي.

قوپ توختىمەت، ئورنىڭغا ئوت.

قۇرۇق يەردە سۇ توختىماس.

ئەلچىگە ئولۇم يوق، جارچىغا كورۇم (يوق).

ئەمەنلىكتە ئەر ئولمەس،
ئىرەنلىكتە ئات (ئولمەس).

ئوپكىسى تۆگەپ كانىيى قالدى.

ئۈچىنىڭ بىرى خانغا ياراپتۇ.

**维吾尔民间谚语**
（维吾尔文）
买买提热衣木　编
新疆人民出版社出版
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂排版
新疆新华印刷三厂印刷
787×1092毫米32开本10印张
1979年2月第1版　　1980年5月第2次印刷
印数：50,001——75,000
**统一书号：M10098·289　定价：0.46元**